
تۇنجى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئەدەبىي ژۇرنال

# WORLD LITERATURE



# دۇنيا ئەدەبىياتى

世界文学选译

2012 2

中国移动通信
CHINA MOBILE
移 动 信 息 专 家

# مۇزىكىلىق قوڭغۇراقنى تۇرمۇشقا يەتكۈزۈپ، رەڭدار تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىڭ.




## مۇزىكىلىق قوڭغۇراق تۇرمۇش قىزغىنلىقىنى تارقىتىدۇ

بىر يېقىملىق مۇزىكىلىق قوڭغۇراقنىڭ يەتكۈزىدىغىنى ھېسسىياتىڭىز بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە سىزنىڭ دوستلىرىڭىزغا بولغان غەمخورلۇقىڭىزدۇر. مۇزىكىلىق قوڭغۇراق كەسپىنى ئاچقۇزۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار:

**ئاۋازلىق ئاچقۇزۇش:** 10086 غا تېلېفون ئۇرۇپ، 3 نى بېسىپ، ئاندىن يەنە 6 نى باسسىڭىز، مۇزىكىلىق قوڭغۇراق كەسپى ئېچىلىدۇ.

**ئۇيغۇرچە تور تىجارەتخانىسى:** شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىشى www.xj.10086.cn/uyghur/app/ غا چىقىپ، تىزىملاتقاندىن كېيىن كەسىپ بېجىرىش ئاستىدىكى مۇزىكىلىق قوڭغۇراق كەسپىنى چەكسىڭىز بولىدۇ.

**ئۇيغۇرچە ئالىقان تىجارەتخانىسى:** يان تېلېفوندا wap.xj.10086.cn/uywap/ غا چىقىپ، ئاساسىي مۇلازىمەت —— مۇزىكىلىق قوڭغۇراقنى چەكسىڭىز، مۇزىكىلىق قوڭغۇراق كەسپىنى ئاچقىلى ۋە ئەتكىلى بولىدۇ.

移动改变生活

www.10086.cn
热线 短信 10086



# گۆركار بىلەن ئەزرائىل

## سىۋاب (شىۋېيتسارىيە)

بۇ سۇ بوياق رەسىم سىۋابىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىجادىيىتى. ئەسەرنىڭ باش تېمىسى سىرلىق ۋە غۇۋا. گۆركار تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەن قەبرىستانلىقتا تىرمىشىپ گۆر كولاۋاتىدۇ، ئەزرائىل ئۇنىڭ يېنىدا قاپقارا قاناتلىرىنى يايغىنىچە قاراپ تۇرىدۇ. ئەزرائىلنىڭ ئالقىنىدىكى باقىي ئالەمنىڭ چوغى يېشىل رەڭدە ئاجىز يېلىنجاپ تۇرىدۇ. رەسىمدىكى بۇنداق گۈزەل، تىمتاس، سىرلىق ۋە گۈڭگا ئىماگ كۆرگۈچىلەردە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز روھىي قوزغىلىش پەيدا قىلىدۇ. رەسىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، سۈرلۈك ۋە تىمتاسلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئارقا كۆرۈنۈش تەپسىلاتلىرى رەسسامنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىپ، كىشىدە ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقنى قوزغايدۇ. رەسىمگە سىمۋولىزمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق مۇجەسسەملەنگەن. مەزكۇر رەسىم پارىژدىكى لوۋېر سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

كارلوس سىۋاب (1866 — 1926) شىۋېيتسارىيەنىڭ ئاتاقلىق سىمۋولىزمچى رەسسامى. ئۇ 1892 - يىلى پارىژغا كۆچۈپ بېرىپ، سىمۋولىزم ۋە مىستىتسىزمنىڭ ئاۋانگارتلىرى يېغىلا قۇرغان گۈزەل سەنئەت تەشكىلاتى — «ئەتىرگۈل - كىرېست سالونى»غا قاتنىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ تەشكىلاتنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كۆرگەزمىسىنىڭ ئېلان رەسىمىنى ئىشلەيدۇ. سىۋابنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسلىقى سۇ بوياق قىستۇرما رەسىملەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۇ بوياق قىستۇرما رەسىملىرىدە ئەكس ئەتكەن ئاجايىپ تەسەۋۋۇر، سىرلىق تەپسىلات، نەپىس ۋە ئىنچىكە تەسۋىر، مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە ئۆزگىچە لىرىك تۇيغۇ كۆرگۈچىلەرنى رام قىلىدۇ. بۇلار يەنە ئاپتورغا زور نام - شەرەپ ئېلىپ كەلگەن.

# دۇنيا ئەدەبىياتى

2012 ـ يىلى 2 ـ سان
ئومۇمىي 188 ـ سان
33 ـ يىلى نەشرى

باش مۇھەررىر
ئەلى توختى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
مۇختار مامۇت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مەسئۇل مۇھەررىر
ئازات ئالماس
(ئالىي مۇھەررىر)

ياردەمچى مۇھەررىر
ھەجەرگۇل تۇرسۇن

مەسئۇل كوررېكتور
گۇلشەھەر نىغمەت

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى
مۇھەممەت نەۋبەت

قىستۇرما رەسىم سىزغۇچى
زۇلفىيە ئابدۇرېھىم

ژۇرنالدا سۈرەت مەسلىسى كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ

0991 — 2558674


## مۇندەرىجە

### رومان


ئازغۇن كۆڭۈل ........................ خاندە ئالتايلى (تۈركىيە) 3
تۈركچىدىن تۇرسۇنئاي مىجىت تەرجىمىسى


### پوۋېست


بىر ئائىلە كىشىلىرى ........................ مۇپاسسان (فىرانسىيە) 33
مەسئۇد خالىد تەرجىمىسى


### ھېكايە


پاك دۇنيا ........................ پېتېر شتام (شىۋېيتسارىيە) 55
ئۆمەرجان ئامۇت تەرجىمىسى
ئىمزاسىز خەت ........................ ساۋرىسى لېبلانك (فىرانسىيە) 64
ئەسقەر ئەھمىدى تەرجىمىسى
مەڭگۈ ئېسىمدە سەن ........................ تومى مارتېنىس (ئىسپانىيە) 68
گۈلباھار ئەخەت تەرجىمىسى
قەپەستىكى قۇش ........................ ۋارگېن دېبېمتا (ئىسپانىيە) 72
ئايشەم ۋايىت تەرجىمىسى
ئاسما رەسىم ........................ ناتسۇمى سوئۇسېكى (ياپونىيە) 75
رەھىم راھمان تەرجىمىسى
توخۇمدىن تۆك ئۈندۈرۈش ........................ مېيندېن كار (ئەنگلىيە) 77
ئىلھام سەدۇللا تەرجىمىسى


### مەخسۇس سەھىپە


سىمۋولىزم ۋە سۇررېئالىزم شائىرى توماس ترانسترومېر
........................ شى چىنئې 79
توماس ترانسترومېرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئومۇمىيلىق
........................ شى چياۋ 84
بىر پارچە شېئىر بىر چۈش دېمەكتۇر ........................ ۋاڭ خۇا 86
تېپىشماق ئايدىڭلاشسۇن ........................ ۋاڭ خۇا 87
توماس ترانسترومېر شېئىرلىرىدىن ........................ 89


### شەخسلەر


«ماراتىنىڭ ئۆلۈمى» ئارقىسىدىكى قاتىللىق ........................ خۇئېر 91
ئايال رەسسام بېكېر ........................ شى چياۋ 95
بىخۇد چەۋەنداز ........................ بىدستروپ (دانىيە) 96



# ئازغۇن كۆڭۈل①

خاندە ئالتايلى (تۈركىيە)

تۈركچىدىن تۇرسۇنئاي مىجىت تەرجىمىسى

## 12

ئەتىسى ئاسلىنىڭ ياتىقى يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن تولدى. ئايلا بىلەن ئاسلى ئارىسىدا بىرەر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئالان ئۇلاردىن سوئال سورىماسلىقنىڭ ئاقىلانە تاللاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولغاچقا، كۆزلىرىنى ئويناتتىپ، نېمە بولغانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان زەررىنىنىڭ ئاغزىنى بېسىقتۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاكىن ۋە لەۋەنتلەر ئاسلىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقداشلىرى بولۇپ، ئاسلىغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاقچاق قىلىپ ئولتۇراتتى. زوران ئەپەندى ياتاقنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئايالى فەرىدە بىلەن ياتاقنىڭ بېزىلىشى توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىۋاتاتتى. بەيئوغلىنىڭ قايناق مەيخانىلىرىنىڭ بىرىدە ئېلېكترونلۇق گىتار چالىدىغان لەۋەنت ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرىغا ئارىلىشىۋاتاتتى، فەرىدە تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاسلىغا قاراپ قوياتتى، ئاسلى بولسا بۇ ئىگىزلارنىڭ ۋاقتى ئۈزىراپ كەتكەن كېسەل يوقلىشىدىن بىزار بولۇۋاتاتتى.

كېسەلخانىلار ئادەتتە باشقا بىر جەمئىيەت تۈسىگە ئىگە ئىدى، بىمارنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولمىسىلا، يوقلاپ كەلگەنلەر ۋاقىتلىرىنى ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتكۈزۈشەتتى. تونۇش - بىلىشلەر بولىسىغۇ مەيلى، يوقلاشقا كەلگەن تونۇشمايدىغانلار بۇ يەرگە كەلگەندە، پىچىر - پىچىرىنىڭ، مېۋە سۈيى ئىچكەچ بىر - بىرى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى، پىكىرلىشەتتى. بولۇپمۇ دىرېكتورىڭىز بىلەن قوشنىڭىزنىڭ پاراڭلاشقان ھالىتىنى كۆرىدىغان بولسىڭىز چىداپ تۇرالمايتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ھاۋا رايىدىن تارتىپ تېبابەتكىچە دېيىشمەيدىغىنى يوق ئىدى. يەنە بەزىلىرى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خىيالىنى سۈرەتتى. سېسترالار ھەر قېتىم كېسەلخانىغا ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ - چىقاتتى. سېسترالار ئۆي ئاياللىرىغا ئوخشاش بىچارە، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتەلمىگىنى ئازدەك، چىرايىدىن دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق كۈلۈمسىرەشنى ئىپادە قىلىشى كېرەك ئىدى.

ئاسلى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. شۇ تاپتا يىگىرمە ئۈچ

---

① بېشى ئالدىنقىساندا.

ياشلىق بىر قىزنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرمۇ ئۇرۇق - تۇغقىنىنىڭ يوقلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. ئەگەر دوختۇرخانىدا ياتقىنى نالان بولغان بولسا ئىدى، ئانىسى، دادىسى، ئاكا - سىڭىللىرىدىن باشقا تاغىلىرى، ھاممىلىرى، جىيەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغان بولاتتى. ئەمما، ھازىر ئاسلى تۆت - بەش دوستى، ئىككى قوشنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىۋاتاتتى. دادىسى تۇغەپ كەتكەندىن كېيىن جۇلىدە بىلەن بىللە ياشاشنى قانچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكى بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئەمما، شۇ تاپتا دادىسى يېنىدا بولغان بولسا، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاپىسى يېنىدا بولغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا چوڭ ئانىسى ۋە بوۋىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى تەسەللى تاپاتتى.

ئۇ يەنىلا كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدىن ئۆمەرنى كۈتۈۋاتاتتى، ئىشىك ھەربىر قېتىم چېكىلگەندە يۈرىكى دۈپۈلدەپ توختىمايتتى، ھەر قېتىمقىسى خىيالى بولۇپ چىقسىمۇ، ئۇنى ساقلاشنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ زەررىچىلىك مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە تەشنا ئىدى، مۇشۇ ئۈمىد بىلەن ئۇنى بىر ئۆمۈر ساقلاشقا رازى ئىدى.

## 13

ئاسلىنىڭ شۇنچە تەلمۈرگىنىگە ئۆمەر ئۇنى يوقلاپ كەلمىدى، ئەگەر ئۇ تېلېفون بەرگەن بولسا، سابىقەدىن بولغان ئىشلارنىمۇ ئاڭلايتتى. بىلگەن بولسا، ئەجەبا كېلەر بولغىيمىدى؟ ناتايىن... ئاسلى دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئون بەش كۈنگىچە ھاياتى بىر خىل بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا ئۆتتى، ھەر قېتىم تېلېفون سايرىغان ياكى ئىشىك چېكىلگەندە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتەتتى، كەلگەن ئادەم باشقىسى بولۇپ قالسا، ئېسىلىپ يىغلاپ دەردىنى چىقىرىۋالاتتى. بەزىدە بالكوندىن يولدىن ئۆتكەن - كەچكەن ماشىنىلارغا سائەت - سائەتلەپ قاراپ تۇراتتى. ئېنىقكى ئۇ پەقەتلا ئۆمەرنى ساقلاۋاتاتتى ... ئۇ ئاخىر ساقلاۋېرىپ ئۆمەرنىڭ كېلىشىگە بولغان ئۈمىدى ئۈزۈلدى، ئۈمىدى ئۈزۈلگەنسېرى كۆڭۈل يارىسى شۇنچە ئاغرىيتتى، لېكىن بۇ يارىنى پەيدا قىلغان ئادەم خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى، بەلكى ئۇمۇ ئاسلىي ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقاندۇ، لېكىن بۇ ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى، ھەر ئىككىسىنىڭ يارىسى، ئازابلىرىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە يارىلار ساقىيىپ كېتەتتى، پەقەت يارا ئىزلىرىلا مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالاتتى.

ئاسلىمۇ ئاستا - ئاستا ساقىيىشقا باشلىدى، بىر كۈنى زەررىن ئۇنى يوقلاپ كېلىپ:

— ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، ئۆمەرنى كۆردۈم ! — دېدى جىددىي قىياپەتتە.

ئاسلىي گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گەپ قىلالمىدى. زەررىنىمۇ بولغان ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ناھايىتى قىزغىن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام ئاپام بىلەن بېلىق يېگىلى بارغانىدۇق، ئۇ يەردە كىمنى كۆردۇق دېمەمسەن؟ ئۆمەر بىر ئايال بىلەن تاماق يەۋاتقانىكەن، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم - دە: «ياخشىمۇ ئۆمەر ئاكا» دېدىم، ئۇ مېنى كۆرۈپ چۆچۈپلا كەتتى ۋە يېنىدىكى ئايالنى تونۇشتۇرۇپ: «ئايالىم ...» دەيدۇ. ئۇ ئەبلەخنىڭ ئايالى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ سەن بىلەمتىڭ !

— بىلمەن، — دېدى ئاسلىي لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

— ئۇ ئادەم ھېچبىر توي قىلغاندەك ئەمەستىغۇ ... دائىم دېگۇدەك مۇشۇ ئۆيدىلا ئىدى، جۇلىدە بىلەن پەقەت ئايرىلمايتتى، ۋاي تۇۋا! ...

— مەن نەدىن بىلەي باشقىلارنىڭ توي

قىلغان ـ قىلمىغىنىنى! مېنىڭ نېمە كارىم بۇ ئىشلار بىلەن! — دېدى ئاسلىي زەردە بىلەن.

— ساڭا نېمە بولدى؟ نېمانداق ئاچچىقلىنىسەن؟ — دېدى زەررىن ھەيران قالغان ھالدا.

— ئاچچىقىم كەلمىدى ...

— ئاچچىقىڭ كەلدى!

— ئېيتقىنا، ئۇنىڭ ئايالى قانداقراق ئايالدەك كۆرۈنىدۇ؟ — ئاسلىينىڭ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغانلىقى كۆزلىرىدىنلا چىقىپ تۇراتتى.

— ئالدى بىلەن سەن سۆزلە! — دېدى زەررىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ئادەمنى ئەجەب تېرىكتۇرىسەن، بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولمىساڭ ئۆلۈپ قالامسەن!

— سەنمۇ ئۇنىڭ ئايالىغا قىزىقىدىغان ئادەممىدىڭ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى زەررىن.

بۇ زەررىننىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئەڭ نازۇك كىشىلەرگە ئاڭلىتىشنى خالىمايدىغان ئىشلىرىنى بىلىشتىن كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. تەلىيىگە ھەر قېتىم ۋەقەنىڭ نەق ئۈستىگىلا چۈشەتتى، ئىشنى بىلمىگۈچە ھەرگىز قويۇپ بەرمەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا غەلبىنى ساقلاۋاتقاندەك مەغرۇرلىنىپ ئولتۇراتتى.

ئاسلىي چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا دەپلا قۇتۇلۇشنى قارار قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بىلەن تىركەشكۈدەك ھالىمۇ يوق ئىدى، زەررىنمۇ ئۆمەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى.

— مەن ئۆمەر بىلەن بىللە بولدۇم، كىرپىنىڭ مېنى ئۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇ!

بۇنى ئاڭلاپ زەررىننىڭ كۆزلىرى يوغىناپ، ھاياجاندىن پارقىراپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدىنمۇ بەكرەك ئېسىل ھېكايە ئىدى. ئاسلىيمۇ ئۇنىڭ يەنە باشقا سوئاللارنى سورىشىغا پۇرسەت بەرمەستىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇنىڭ توي قىلىپ بولغانلىقىنى پەقەت بىلمەيتتىم، جۇلىدەمۇ ماڭا بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىگەن، دوختۇرخانىدا ئايالىدىن ئۇقتۇم، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى كۆرۈشمەيمىز. ئۇمۇ مېنى ئىزدىمىدى. بولدىمۇ؟ ئەمدى زېرىكتۈرۋەرمىگىن، ماقۇلمۇ!

زەررىن ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر جايىدا جىم تۇرالمىدى، ئاسلىينىڭ ئەتراپىدا ۋارقىراپ ـ جارقىراشقا باشلىدى.

— پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدۇڭ؟ سېنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىشنى قىلىشىڭ ئۆلسەممۇ ئەقلىمگە كەلمەس بولغىيدى! زادى قانداق بولدى؟ ۋاي خۇدايىمەي! ئۇنداقتا كىرپە سىلەرنى ئۆيدە تۇتۇۋالدىما؟

— ئاغزىڭنى يۇم! تۇتۇلمىدۇق! ئەمدى بۇ ھەقتە گەپ قىلما!

— زادى قانداق ئىش يۈز بەردى؟

— بۇ گەپنى توختىتايلى دېدىمغۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئاسلىي زەررىنگە ئالىيىپ تۇرۇپ.

زەررىننىڭ شۇ تاپتا كاللىسىغا ھەر خىياللار كېلىۋاتاتتى، «بۇ ئىشلار گېزىتلەرگە چىقىپ كەتسە ـ ھە!» دەپ ئويلىدى، ئۇ بۇلارنى ئويلاش ئۈچۈن بىرنەچچە دەقىقە شۈك تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا بىرمۇنچە سوئاللارنى سوراشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، شۇ تاپتىكى ھاياجىنىنى بېسىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— بولدى، بىلىدىغانىنى بىلىپ بولدۇڭ! ئەمدى ئۇ ئايال توغرۇلۇق سۆزلە! — دېدى ئاسلىي ۋە بۇ سوئالنى سورىغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

— خېلى يامان ئەمەس ئايال ئىكەن، ئورۇق، قوڭۇر رەڭلىك ... ۋاي مەن نەدىن بىلەي،

ئىشقىلىپ ئايال ئىكەن ...

بۇلارنى ئاڭلاپ ئاسلى شۇنچىلىك بىئارام بولدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇمىد قىلغىنى ئەمەس ئىدى، قانداقلا بولسۇن، ئۇ ئايالنى سېمىز، سەت دەپ خىيال قىلغانىدى.

— ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداقراقتەك تۇرىدۇ؟

— قانداق دېسەن؟

— يېقىنمىكەن؟

— بىردەم ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە قول تۇتۇشۇپ ئولتۇردى، نەچچە سائەت مۇڭداشتى.

— يوغان ئىش!

— ئاچچىقلىق يەنە كەلدىمۇ؟

— مېنىڭ نېمە كارىم، ئاللا ئۇلارنى بەختلىك قىلسۇن!

ئاسلى ئورنىدىن تۇرۇپ هاجەتخانىغا كىردى، قۇسقۇسى، يىغلىغۇسى كېلىۋاتاتتى، لېكىن ئىككىلىسىنى قىلمىدى، جۇمەكنى ئېچىپ سۇنىڭ ئېقىشىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مېهمانخانىغا كىرگىنىدە، ئۆزىنى خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك هېس قىلدى. زەررىن ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بوغچىلارغا قارىدى.

— ئەمدى ئۆيىنىڭ مەسىلىسىنى قانداق قىلاي دەيسەن؟ — دەپ سورىدى زەررىن.

— مۇشۇ ئۆيدە قېلىشنى ئويلاۋاتىمەن، ئايلا رەسىملەرنى ئالىدىغان بىرسىنى تېپىپتۇ، خېلى قىممەت ئالىدىغان ئوخشايدۇ، يەنە پىيانىنونىمۇ ساتىمەن ...

رەسىملەرنى جۇلىدەنىڭ بۇرۇنقى سۆيگۈنى سىزغانىدى، كېيىن بۇ ئادەمنىڭمۇ خېلى نامى چىققان بولغاچقا، ساتسا پۇلغا يارايتتى، بۇلارنى سېتىشمۇ ئايلانىڭ پىكرى ئىدى. ئايلانىڭ يولدىشىنىڭ سەنئەت كۆرگەزمىخانىسى بار بىر دوستى بولۇپ، ئۇ بەش پارچە رەسىمنىڭ هەممىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ پۇللار ئاسلىنىڭ بىر مەزگىل بۇ ئۆيدە قېلىپ خىراجەت قىلىشىغا تامامەن يېتەتتى. ئاسلى ئۇ رەسىملەرنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما ياخشى كۆرگىنى بىلەن نېمە ئامال ... قانداقلا بولسۇن، جۇلىدەدىن مىننەتدار ئىدى.

— سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، هەرگىزمۇ ساتمىغان بولاتتىم، — دېدى زەررىن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— بىلمەيمەن، ئۇ خاتىرە رەسىملەر تۇرسا.

— نېمىشقا خاتىرە بولغۇدەك، ئۇ رەسىملەرنى جۇلىدە سىزمىسا، ئۇنىڭ سۆيگۈنى سىزغان، ئۆي قالغان بولسىغۇ مىراس قالدى دېسە، ئۇ رەسىملەرنى ساقلاپ نېمىمۇ قىلارمەن.

— پىيانىنوسىنىمۇ ساتتىڭغۇ ئەمىسە ... — زەررىنىمۇ بوش كەلمەيۋاتاتتى.

— بىلگىنىكى، ئاچ قالغان ئىنسانلار بىر - بىرىنى يېيىشتىن يانمايدۇ، ئۆتمۈشۈمنى قوغدايمەن دەپ قەلەندەردەك چېدىردا يېتىشنى خالايدىغان قەهرىمانلاردىن ئەمەسمەن.

— ئۆزۈڭنىڭ دۆتلۈكىدىن ... — دېدى زەررىن ئورۇندۇقتا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ.

— شۇنداق، مەنمۇ سېنى ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ پاراڭلىشىۋاتقاندىن كېيىن، راستلا بىر سارالڭ، پۇتۇڭنى چۈشەر! يوقال كۆزۈمدىن!

ئاسلى زەررىننىڭ پۈتۈن ئېتىرازلىرىغا قۇلاق سالماستىن ئىتتەرگەن پېتى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ قىزنىڭ مىجەزىنى هېچكىم ياقتۇرمايتتى، ئۇ ياخشى ئىش قىلاتتى - يۇ، بىردەمدىلا ئۇنى يوق قىلىۋېتەتتى. بۈگۈنمۇ هەربىر سۆزى ئارقىلىق زەهرىنى سانجىۋاتاتتى.

ئاسلى زەررىننىڭ چىقىپ كەتكىنىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، كۆزىنى تېلېفونغا تىكتى. ئىچ - ئىچىدىن ئۇمەرگە تېلېفون بېرىپ ئۇنى سەت گەپلەر بىلەن تىللىۋالغۇسى كېلىۋاتاتتى.

لېكىن، ئاسلى ئۇنداق قىلمىدى، ئەلۋەتتە

ئۇنداقمۇ قىلالمايتتى ... ئۆمەرنى ئۇنتۇش ئۇچۇن، دائىم دوستلىرى بىلەن كۆرۈشتى، پاراڭلاشتى، ئۆيدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكەپ باقتى، يىغلىدى، كىنوغا باردى، ئۆزىگە ئىككى ئوقۇغۇچى تاپتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىنى خىيال قىلدى، پال سالدۇردى، مۈشۈك باقتى، ئەمەلگە ئاشمايدىغان سۆيۈشۈشلەرنى خىيال قىلدى، مۈشۈكى قېچىپ كەتتى، كىتاب ئوقۇدى، نەپرەتلەندى، تاماق ئېتىپ يېدى، بىنادىكى ئاھالىلەرنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى، ئۆزىگە ئىچى ئاغرىدى، خاپا بولدى، ئۆزىنى ئەيىبلىدى، نالاننىڭ يازلىق داچىسىغا باردى، تاۋۇز، ئۈزۈمچىلىك يېدى، دېڭىز بويىغا باردى، تېرە تاشلىدىم دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى...

ئۇ ساياھەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بوغچىسىنى سۆرىگىنىچە بىنانىڭ ئىچىگە كىردى، بوغچا ئەسلىدە مۇرىسىگە ئېسىپ ماڭالىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئەمەس بولۇپ، كۈن نۇرىدا كۆيگەن تېرىسى جېنى چىققۇدەك ئاغرىۋاتقان بولغاچقا، سۆرەپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغانىدى، تېخى تېرىسىدىنمۇ بەكرەك ئاغرىۋاتقىنى پۇتلىرى ئىدى، ئۇ بىناغا كىرىپلا نالاندىن ئارىيەت ئېلىپ كىيگەن تۇپلىيىنى سېلىپ تاشلاپ، يالاڭ ئاياغلا پەلەمپەي بىلەن ئۆيىگە ماڭدى. سومكىسىدىن ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدەۋاتقاندا، ئىشىككە قىستۇرۇپ قويۇلغان بىر لېپاپىغا كۆزى چۈشتى. ئاچقۇچ ئىزدەشنى توختىتىپ لېپاپىنى ئېچىپ ئىچىدىكى خەتنى ئوقۇدى: «سېنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئۆتۈنۈپ قالاي ماڭا تېلېفون بەرگىن! ئۆمەر.»

14

ئاسلى نېمە قىلىشنى بىلمەستىن پەلەمپەيدىلا ئولتۇرۇپ قالدى، شۇ تاپتىكى تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ھاياجان ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغانىدى، ئۇنىڭچە بولسا ئۆمەرنىڭ يېنىغا ئۇچۇپلا بارغۇسى بار ئىدى. ھاياتىنىڭ بىرقانچە دەقىقە ئىچىدە ئېغىر يۈكتىن بەختكە ئالمىشىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ مۇزدەك سېمونتتا ئولتۇرۇپ تەقدىرنىڭ قىلغان چاقچىقىغا كۈلدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى، نەچچە كۈندىن بۇيان دېرىزىلەرنى ئاچمىغانلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ نەپەسى سىقىلىۋاتاتتى. ئۇ ھەممە دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى، ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەس ئالدى، شۇ تاپتا ئۆيدىكى قانداق پۇراق بولسۇن، ھەتتا ئۇچۇپ كىرگەن چىۋىنلارمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك گۈزەل بىلىنەتتى. يارا ئىزلىرىنىڭ ئۆمەرنىڭ قالدۇرغان ئىككى كەلىمە سۆزى بىلەن ساقىيىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ئۆمەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى ئېنىق، ئۇنىڭ گەپلىرى يارىسىغا مەلھەم ئىدى. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ چاي دەملىدى. يەنە ئۆمەرنىڭ قالدۇرغان سۆزىنى ئەسلىدى، ئۇنىڭدا ئۆمەرنىڭمۇ ئازاب چەككەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، ئەمدى ئۆمەرنى ئالدىراپ ئىزدەشنىڭ ھېچقاندەك ھاجىتى قالمىغان، مەقسىتىگە يەتكەنىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ دەخلى قىلمىسا، بۇ شېرىن دەقىقىلەرنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشنىلا ئويلايتتى.

ئاسلى ئەمدى خېلى كۈنلەردىن بېرى تۈنجى قېتىم قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى، يېرىم سائەت بۇرۇن ئايرىلغان نالانغا تېلېفون بېرىپ ئەڭ ياخشى رېستوراندا كۆرۈشۈشكە پۈتۈشۈپ قويدى. نالان دوستىدا بولۇۋاتقان بۇنچە تېز ئۆزگىرىشكە ھەيرانلا قالدى. نالان ئاسلى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭدىن ئالدىراپ كۆرۈشۈشنىڭ سەۋەبىنىمۇ سورىمىدى. بىر ھەپتىلىك ساياھەتتە ئاسلى خۇددى تىرىك مۇردىغىلا ئوخشاش بولۇپ قالغان دوستىنىڭ

بىر دەمدىلا ئەسلىگە قايتقانلىقىدىن، ئوت يېنىۋاتقان كۆزلىرىدىن، جاراڭلىق كۈلكىلىرىدىن، ئۇنى كاللىسىدىن ئادىشىپ قالدىمىكىن دەپمۇ ئويلىدى.

— ئۇ ماڭا خەت قالدۇرۇپتۇ. قارىغىنا بۇنىڭغا، ئوقۇپ باقە! — دېدى ئاسلى ھاياجان بىلەن قەغەزنى دوستىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ.

— ۋاي نېمانداق رومانتىك، قوسۇۋېتەيمۇ ئەمدى ...

— خۇش بولمىدىڭمۇ؟

نالان مۇنداقلا قاراپ قويدى.ئاشىقلىق ئادەمنى ھەقىقەتەن ساراڭ قىلىپ، ئۆزىنىمۇ بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. خۇددى جۇلىدەنىڭ ئېيتقىنىدەك ئاشىق ھەقىقەتەن شەيتاننىڭ ئىدارە قىلىشى ئاستىدا ئىدى، ئادەمنى تېزلا كۆيدۈرۈپ، پوت - قولىنى چۈشەپ، ھەر تۈرلۈك كويغا سالىدۇ. سەۋدايىلىق كوچىسىغا كىرگەن ئادەم ئەخلاقىنى، غۇرۇرىنى، ھاياتلىق مەنتىقىسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. نالان ئاغزىغا بىر پارچە نان سالغاچ زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

— بولدى، مەن گەپ قىلماي، يىغلىۋەتمىگىن يەنە، ساڭا نەدىن بېشىڭنى قويۇپ يىغلايدىغانغا بىرىنى تاپىمەن دەپ يۈرىمەن! — دېدى.

تاماقتىن كېيىن ئىككىسى «باغداد» كوچىسىنى ئايلىنىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولدى، ئەمما ئاسلىنىڭ پۇتىنىڭ ئاغرىقى بۇنىڭغا يول قويمىدى، ئامال يوق ئىككىسى ئۆز ئۆيلىرىگە قاراپ يول ئالدى.

ئاسلى شۇ بەختلىك مىنۇتلارنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆمەرگە تېلېفون ئۇرۇشنىمۇ كەينىگە سۈرۈۋاتاتتى، ھەربىر باشلىنىشنىڭ ئاخىرلىشىشى بولغىنىغا ئوخشاش، خۇددى ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرسىلا، بۇ خۇشاللىق غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەكلا ئىدى. ياخشى كۆرۈشكەنلىرىمۇ كۆيۈپ - پىشىش، ئۇرۇش - جېدەل، قىزغىنىش، ئاۋارىگەرچىلىك تېپىش، ئاسىيلىقتىن، ئايرىلىشتىن قۇتۇلالمايتتى.

ئاسلى ئەتىسى ئەتىگەنگە قەدەر ساقلىدى، سەھەرنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ، ئىختىيارسىزلا ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا سائەتلەپ مېڭىپ چىقتى. ئاخىر تېلېفوننىڭ يېنىغا كېلىپ تورۇپكىنى قولىغا ئالدى، بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تىترەپ تۇرۇپ ئۆمەرنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ نومۇرىنى باستى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتاتتى.

## 15

ھەممە ئىشلار شۇنداق تېز يۈز بەردى، بىر سائەتتىن كېيىن ئۆمەر ئاسلىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— سېنى سۆيىمەن! چىن دىلىمدىن سۆيىمەن! — دېدى ئۆمەر.

بۇ گەپكە ئاسلى ئاخشامقىدەك يىغلىدى. ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي، چىڭ قۇچاقلاشتى، ئاسلى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئايالىڭ بار، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق... — دېدى ئۆمەر ھودۇققان ھالدا.

— جۇلىدەنىڭ خەۋىرى بارمىدى؟

— بار ...

— نېمىشقا ماڭا دېمىگەنلىكىنى بىلەمتىڭ؟

— بىلەتتىم.

— ئۆزۈڭ سۆزلەپ بېرەمسەن؟ مەجبۇرلامدىم؟

ئۆمەر ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، ئاسلىمۇ كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ خىيالغا پاتتى.

— توغقانلىرىم بولۇپ قالمىغىيدى! — دېدى

ئاسلى.

— سىنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس، داليا بىلەن توي قىلدىم ... — دەپ جاۋاب بەردى ئۆمەر.

ئاسلى كارىۋاتتىن چاچراپ تۇردى ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۆمەرگە قاراپ:

— نېمە! يالغان سۆزلەۋاتىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

داليا جولىدەنىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىسى، ئاسلى ئۇنىڭ بىلەن ئون ئىككى يىل بۇرۇن تونۇشقان، ئۇ چاغلاردا داليا ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلاردا بولۇپ، چىرايى تاتىراڭغۇ، ئەمما ئىنتايىن چىرايلىق ۋە جىمغۇر قىز ئىدى. جولىدە ئۇنىڭغا يەتتە يېشىدىن باشلاپ دەرس بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىككىسى شۇنچىلىك ئېچىكىپ كەتكەنىدى، داليامۇ دەرس يوق ۋاقىتلىرىدا كېلىپ ئۇزاق مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئاسلى جولىدەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دالىيانىڭ بىر ئەرگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى، ئائىلىسى يەھۇدىي بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئىشىغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرغاچقا، داليا كېچە - كۈندۈز يىغلاپ قىيامەت قايىم قىلىسىمۇ، ئامال بولمىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسىنىڭ قىزىنى بۇيۇك ئاداغا ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىسرائىلىيەگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ جەرياندا جولىدە ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغانلىقىنى، قىزنىڭ ئائىلىسى بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىغانلىقىنى، ئاشىق - مەشۇقلار جولىدەنىڭ ياردىمى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەنلىكى، يىگىتنىڭ تېل ئاۋىۋ (ئىسرائىلىيەنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى)غا بېرىپ، دالىيانى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ قېچىپ، تويىنى ئىنتايىن ئاددىي ئۆتكۈزگەنلىكىنى، جولىدەنىڭ ئۇلارنىڭ نىكاھ شاھىتى بولغانلىقىنى بىلەتتى. ئاسلى خېلى يىللار ئىلگىرى دالىيانىڭ سۆيگۈنىنى بىر قېتىم كۆرگەن بولۇپ، ئۇ ئەر ئۆمەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى، ئاسلى ھەرقانچە ئويلىسىمۇ، كۆز ئالدىغا ئېگىز بويلۇق بىر يىگىتنىڭ سىيماسى كېلەتتى.

ئاسلى تۇنجى قېتىم هاممىسىغا ئىچىندى، چۈنكى داليا جولىدەنىڭ قىزىدەكلا، ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنچىلىك ماس كېلەتتى، پىيانىنونىڭ ئالدىغا كەلدىمۇ، ھاردىم - تالدىم دېمەستىن سائەتلەپ چالاتتى، دەرس ۋاقتىنىڭ توشۇپ كېتىشلىرى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى، ئاسلى جولىدەنىڭ دالىياغا ئۆز قىزىدەكلا ئىشتىياق بىلەن ئۆگىتىشلىرىدىن كۆنلەپمۇ قالاتتى. داليا شۇنچە كۆيۈپ قولغا كەلتۈرگەن بىر يىگىتنى جولىدەنىڭ تارتىۋېلىشى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە پەقەت ماس كەلمەيتتى، ئاسلى هاممىسىنىڭ بىر چاغلاردا «ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ پىرىنسىپىم بار، مەسىلەن، سۆيگۈنۈمنىڭ دوستلىرى بىلەن بىللە بولۇشۇم مۇمكىن، ئەمما دوستلىرىمنىڭ سۆيگۈنى بىلەن بىللە بولمايمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى. «ھەرھالدا باشقىلارنىڭ ئېرى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئاسلى.

— داليا مۇناسىۋىتىڭلارنى بىلەمدۇ؟

— بەلكىم بىلىشى مۇمكىن، لېكىن يۈزۈمگە سېلىپ باقمىدى، بىلسىمۇ بىلمەس بولۇۋالامدىكىن؟

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئەگەر مەن ئىقرار بولۇپ قالسام، كۆڭلىنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەمدىكىن.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئايرىلىپ كەتمەيسىلەر؟

— بىللە بولۇش ئۈچۈن ئىنتايىن جاپا تارتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە داليا كۆپ پىداكارلىق

كۆرسەتتى. مەن بىلەن ياشاش ئۈچۈن ئائىلىسىدىن ۋاز كەچتى، دادىسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. دادىسىمۇ ئۇنىڭ دەردىدە توگەپ كەتتى، داليا دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆيىگە بارغاندا ئاپىسى ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە ئارىمىزدىكى ھېسسىياتمۇ قالمىدى، شۇنداقتىمۇ بىز دادىسى بارەكلا ئۆزىمىزنى ئالداپ ياشاۋاتىمىز.

— ئۇنداق بولسا، جۇلىدە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلار قانداق باشلانغان؟

— جۇلىدە ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلەشكىنىنى كۆرۈپ، ئارىمىزغا كىرىپ ئەپلەشتۈرۈپ قويماقچى بولدى، بۇ جەرياندا كۆرۈشتۇق، ئاندىن ...... بولىدىغان ئىش بولدى شۇ.

— جۇلىدەنى ياخشى كۆرەمتىڭ؟

— ياق، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام ئۆزۈمنى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ھېس قىلاتتىم، كۆڭلۈك سۇ ئىچىدىغان بىرىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كېچىپ كېتەلمەيدىكەنسەن.

— ئۇ ساڭا ئاشىقمىدى يا؟

— ياق، «تولپار قېرىسىمۇ تۇيىقى سوۋۇماپتۇ !» دېگەن گەپ بار، جۇلىدە ئۆزىنى ياش يىگىتلەر بىلەن بىللە بولسام قېرىمايمەن دەپ ئويلامدىكىن.

بۇ تېما ئىككىلىسىنىڭ دېمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى، ئۇلار بىرپەس گەپ قىلىشماي جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

— بۇنداق ئارىلىشىپ يۈرسەڭ، ساڭا ئۇۋال بولىدىغانلىقىنى بىلمەمەن، — دېدى ئۆمەر گۇناھكار ئادەمدەك.

— توغرا چۈشىنىمەن، توي قىلغىنىڭ بىلەن كارىم يوق، مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر يەتمىسىلا بولدى.

ئاسلىي مۇشۇنداق دېمەسلىككە ئامالسىز ئىدى، تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولمىسا، ئەڭ بولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن بولغان بەختلىك مىنۇتلاردىن ۋاز كەچكۈسى كەلمەيۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

## 16

دەسلەپتىكى بىرقانچە ئايدا ئۆمەرنىڭ خوتۇنىنىڭ بارلىقى ھەقىقەتەن ئاسلىينىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى، ئاسلىي ئۆمەرنى ئۆزىگە ئاشىق دەپ ئويلايتتى، ئۇلار ھەر كۈنى ئايرىلمايتتى، بىرلىكتە كىنوغا باراتتى، ئەڭ يېڭى ئېچىلغان رېستورانلاردا تاماق يېيىشەتتى. بەزىدە ئۆمەر ئىشتىن يانغاچ كۆرۈشۈپ ئۆتەتتى، بەزى كېچىلىرى ئاسلىينىڭ ئۆيىدە قونۇپمۇ قالاتتى، ئۆمەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىنمۇ خوتۇنى بارلىقىدەك تەشۋىش ئالامەتلىرى بىلىنمەيتتى، ئۆمەر خوتۇنى بىلەن ئىككىسى ئارىسىدا مۇھەببەت قالمىغانلىقىغا ئاسلىينى ئىشەندۈرگەنىدى.

ھەممە ئىشلار ئاسلىينىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولىۋەرمىدى، باھارنىڭ ئاخىرقى بىر شەنبە كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى، ھەپتىدىن بۇيان شەھەرنىڭ بولۇتلۇق كۈنلىرىدىن بىزار بولغان ئىستانبۇللۇقلار كوچىغا ئاپتاپسىنىشقا چىققانىدى. ئاسلىي، نالان، زەررىنلەر بىرلىكتە سەيلە قىلىۋاتاتتى، نالان ئۆمەرنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئاۋۇ تەرەپكە قارىما ئاسلىي! ئۆمەر بىلەن خوتۇنى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئاسلىي دەرھال ئالدىدىكى ئادەملەر توپىغا كۆز يۈگۈرتتى ۋە ئۇلارنى كۆردى، ئۇلارنىڭ قول تۇتۇشۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا ئۆمەر بىلەن كۆزى ئۇچراشتى، ئۇ تەرىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن، گەپمۇ قىلماي ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇچىسىغا تېخى ئىككىسى بىرلىكتە ئالغان چاپاننى

كىيىۋالغانىدى.

— ئىتنىڭ بالىسى! — دېدى نالان ئۆلارغا قاراپ.

ئاسلى تۈنجى قېتىم بۇنداق مۇناسىۋەتتىن نەپرەتلەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەررىنىنىڭ بۇ ئۆچرىشىشتىن ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالمايۋاتقانلىقى تېخىمۇ جىنىغا تەگدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆمەرنىڭ خوتۇنى بىلىپ قالغانىدەكلا، ئىككىسىگە تەسىر قىلىشقا باشلىدى. يانفون دېگەن نەرسە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى بومبا چۈشكەنىدەكلا قالايمىقان قىلىۋەتكىلى تۇردى. ئاسلى ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ تېلېفوندىكى پاراڭلىرىنى، كۇلۇشلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئەمما، ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىدا بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. ئۆمەرنىڭ دالىيادىن تېلېفون كەلگەن ۋاقىتىدىكى ئالاقزەدىلىكى ئەينەككە بىرنېمىلەرنى جىجىغاندا چىققان ئاۋازلاردەك نېرۋىسىغا تېگەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۈنى دالىيانىڭ ئۆمەرگە ئىككى كىلو ياغسىز قىيما ئۈچۈن بەرگەن تېلېفونىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاسلى بۇ ئاشىقى بىقارار بولغان «ئاق ئاتلىق شاھزادە» سىنىڭ ئەتىۋارلىغۇدەك ھېچ يېرى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

كۈنداشلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىپ باراتتى. پەقەت ئۇنىڭ خوتۇنىغا ئۆچ بولۇپلا قالماي، ئۆمەرنىڭ پۈتۈن قىلىقلىرىغا ئۆچ بولۇشقا باشلاۋاتاتتى. ئۆزى ئازابلانغانسېرى ئۆمەرنىمۇ ئازابلايدىغان بولدى، ئۆمەر بىلەن كۆرۈشمىگەن كۈنلىرى باشقا ئەرلەرنى ئۆيىگە چاقىرىپ سورۇن تۈزەتتى. ئۆمەر يېنىدا بار ۋاقىتلاردا نالان ياكى زەررىنىدىن تېلېفون كەلسە، خۇددى ئەرلەر بىلەن پاراڭلاشقاندەك ھېسسىياتتا بولاتتى. تولا قېيىدىشىپ، يەنە يارىشىپ قېلىشاتتى، يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ناچارلىشىپ كەتتى.

ھەتتا بىر - بىرىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىدىن قىزغىنىدىغان، باشقا ئۈستەللەردە تاماق يەۋاتقانلار قارىسىمۇ، ئۆمەر ژۇرناللاردىكى بىرەر قىزنىڭ سۈرىتىدىن كۆزىنى ئۈزالىراق ئۈزەلمەي قالسىمۇ، نەچچە سائەتلەپ ئۇرۇشۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

ئاسلى ئۆزىگە شۇ قەدەر ئاشىق بىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىچى سىقىلاتتى. غورۇرىغا تەگمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا ئەسلا بۇ ھەقتە سۆز ئاچمايتتى، لېكىن ئىچىدە ئۆزىنى شۇنداق كۆڭۈلنىڭ قۇلى بولۇپ قالغانىدەكلا «ئەتراپىمدا مىڭلاپ ئەركەكلەر كەينىمدىن يۈرسە، ئۇ مېنىڭ يالغۇز ياشىشىمغا قانداق چىدايدىغاندۇ!» دەپ ئويلايتتى. دائىم پاراڭلىشىۋېتىپلا بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشىدىغان بولۇپ قېلىشتى. بىر كۈنى ئىككىسى مېھمانخانىدا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى.

— نېمىشقا بالىلىق بولمايسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئاسلى.

— ئەخمەقانە سوئاللىرىڭنى توختاتساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئۆمەر.

— قانداقسىگە ئەخمەقانە سوئال ئىكەن، ئەجەبا، سىلەر ئەر - خوتۇن ئەمەسمىدىڭلار؟ — دەپ جاۋاب بەرگەچ قولىدىكى ئالمىنى چىشلىدى ئاسلى.

— بالىلىق بولمىدۇق شۇ، — دېدى ئۆمەر زەردە بىلەن.

— مېنىڭچە، ھەممە ئادەم پەرزەنت كۆرۈشى كېرەك.

— ئۆزۈڭ كۆرۈۋال ئەمىسە ...

— توي قىلسام بالىلىق بولىمەن ئەلۋەتتە! — دېدى ئاسلى ۋە قولىدىكى ئالمىنى تاشلىۋېتىپ، يەنە دىققىتىنى تېلېۋىزورغا يۆتكىدى.

ئاسلىنىڭ كاللىسىغا ئۆمەر ئورناپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، ئىقتىسادىنىڭ يوقلۇقى

ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى، ئۇ بىرمۇنچە خىراجەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك. ئۈچ - تۆت ئايدىن بۇيان، بانكىدىكى پۇلىمۇ تۈگەپ، رەسىملەرنى ساتقان پۇلىنىمۇ خەجلەپ تۈگەتكەنىدى، ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنى، باج ۋە بېنزىن ھەقلىرىنى تۆلىمىسە بولمايتتى، ئاسلى ئىنتايىن ئىسراپخور ئىدى، ھەمىشە پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەيتتى. ئىقتىسادتىن قىينالغانلىقىدىن، يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «تۇلپار» ماركىلىق ماشىنىسىنى سېتىۋەتتى. ئۆمەرنىڭ شۇنچىلىك كۆپ ماشىنا سودىگىرى تونۇشلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يالۋۇرماسلىق ئۈچۈن، ماشىنىسىنى ناتونۇش بىرىگە سېتىۋەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئانچە ئېسىل ئەمەس، ئەمما ھەيدەشكە قولايلىق ئاددىي بىر ماشىنا ئالدى. يېڭى ماشىنىسىنى ھەپتە ئون كۈنگىچە ئۆمەردىن مەخپىي تۇتالىدى، شۇ كۈنلەردە ئۆمەر خوتۇنى دالىيانىڭ ماشىنىسىنى «پورسچە» (باۋشىجې)گە ئالماشتۇرۇپ بەرگەنىدى.

ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۆمەر ئاسلىغا ئالدىراش تېلېفون بەردى.

— شۇ تاپتا ماشىناڭنى كۆردۈم ... باشقا بىرسى ھەيدىۋاپتۇغۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، ئۇنى سېتىۋەتتىم، — جاۋاب بەردى ئاسلى.

— ساتتىڭ؟ نېمىشقا؟!

— «فىيات» نى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن... — دېدى ئاسلى كۈلۈپ تۇرۇپ .

— مەن ئەمدى ھايۋان بولۇپ قاپتىمەن -دە ! سەندىن ھېچنېمە سورىمىدىم... — دېدى ئۆمەر ۋە تېلېفوننى جاققىدە قويۇۋەتتى.

ئۆمەر ئەتىسى كەچتە ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، يېڭى ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىدىن بىرنى ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى - دە:

— بۇنى ھەيدىگىن، — دېدى.

— بۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى ! — دېدى ئاسلى ئاچقۇچنى ئۆمەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، — مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس، سېنىڭ ماشىناڭنىڭ كېرىكى يوق !

— ئۆزۈڭنىڭ ماشىنىسى بار تۇرۇپ، كىرپىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيتتىڭغۇ؟

— كىرپە سۆيگۈنۈم ئىدى.

— ئۇنداقتا مەن نېمەڭ؟

— ئىشقىلىپ، مەن سېنىڭ سۆيگۈنۈڭ ئەمەس، سېنىڭ خوتۇنۇڭ بار !

— سەن سۆيگۈنۈم ! چۈنكى، سېنى ياخشى كۆرىمەن.

ئاسلى قوللىرىنى ئۆمەرنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ، ئۆمەرنىڭ جېنىغا تەگكىلى تۇردى.

— ياق، مەن سېنىڭ ئاشناڭ ! خۇش بولۇپ كېتەي، ماشىنا توغرىسىدا سۆزلەشمەيلىچۇ؟ كۆڭلۈم يېرىم بولىدىكەن، چۈنكى سېنىڭ ئېغىرلىقىمنى كۆتۈرۈشۈڭنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، شۇنداقتىمۇ ساڭا كۆپ رەھمەت !

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئىككىلىسى بۇ ھەقتە سۆزلەشمىدى، ئاسلىمۇ ئۆمەرنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، ئامالسىزلىقتىن قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىۋەردى، ئۆمەرنىڭ ھامىنى بىر كۈنى دالىيادىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىغا، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ ياشاۋەردى.

## 17

ئۇلار بىر - بىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈشكەنلىكىدىن كۈنداشلىق قىلىپ، كۆڭۈلسىزلىك ئارقىمۇئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە بويسۇنماي، ئاخىرى چىقمايدىغان بەختنى قوغلىشىپ كۆڭۈللىرى ئازار يېيىشتى. تالاش - تارتىشلار،

غۇۋغالار، كۆنداشلىقلار، كۆز ياشلار، ئايرىلىپ يارىشىشلار، تىللاشلار، قېيداپ مېڭىشلار، ئۇيقۇسىز كېچىلەر بىلەن ئىككى يىل بىللە ياشىدى. ئاسلى دەسلەپكى خۇشال ياشىغان كۈنلىرىنى قانداق قولدىن كەتكۈزۈپ قويغىنىنى پەقەت ئەسلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ چاغدا ئۆمەرنىڭ خوتۇنى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، كۆڭلىگە پەقەت ئالمىغان كۈنلىرىگە قايتىپ كېتىشنى ئويلايتتى. هازىرچۇ؟ ئۆمەر توختىماي ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى زېرىكىشلىك، تېرىككەك هېس قىلاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر شەيتان بىر تەرەپتىن «ئەگەر ئۇ سېنى ھەقىقەتەن چىن دىلىدىن سۆيسە، نېمە ئۈچۈن سەن بىلەن تۇرمۇش كەچۈرمەيدۇ؟» دەپ كۈشكۈرتەتتى، يەنە بىر ئاۋاز «شەيتان ھەقلىق!» دەپلا تۇراتتى.

بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرى بىلەن تىركىشىپ يۈرگەن مەزگىللەردە، ئاسلى ئوقۇش پۈتكۈزدى، ئىستانبولدىكى چەت ئەلنىڭ چوڭ بىر شىركىتىنىڭ بازار بۆلۈمىگە ئازغىنا مائاش بىلەن ئىشقا چۈشتى. ئۆمەرمۇ يەنە توقۇمىچىلىققا ئائىت شىركەتتىن بىرنى قۇردى. بىر ـ بىرى بىلەن سائەت ـ سائەتلەپ گېپى تۈگىمەيدىغان بۇ بىر جۈپلەر ئەمدىلىكتە كېلەچەك توغرۇلۇق بىر ئېغىز سۆز قىلمايدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئارتۇقچە سوئال سوراشمايدىغان بولدى، بۇرۇنقى قىزغىنلىقلار تۈگەشكە باشلىغانىدى. ئاسلىنىڭ يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىگە قەدەر كۈنلىرى ئادەتتىكىدەك ئۆتتى.

ئۇ كۈنى ئاسلى يېقىن دوستلىرىنى رېستورانغا چاقىرىپ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، مەستلىكىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن زەررىن ئۆمەر بىلەن چېقىشقىلى تۇردى، ئاسلى دوستىنىڭ گەپكە دىققەت قىلماي ئۆمەرنى رەنجىتىپ قويۇشنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سالمىدى.

— سەن خوتۇنۇڭدىن قاچان ئايرىلىپ ئاسلى بىلەن توي قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى زەررىن.

ئاسلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىزا تارتقىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىۋاتقىنىدا، ئۆمەرمۇ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك جاۋاب بېرىپ ئىماننى قىرىق گەز ئۇچۇرۇۋەتتى.

— خوتۇنۇمدىن ئاجرىشىش نىيىتىم يوق، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنى ئاسلىمۇ بىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئۆمەر ئاسلىغا ئەزەلدىن بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باقمىغان تۇرسا، بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلسۇن! ئۇ «بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مۇھەببەت تۈگىگەن، لېكىن تۈگىمىگەندەك ياشاۋاتىمىز» دېمىگەنمىدى.

ئۈستەلدە ئولتۇرغانلارنىڭ دېمى بىردىنلا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ھەممىسى كۆزلىرىنى ئاسلىدىن قاچۇرۇپ ئالدىدىكى تەخسىلىرىگە ۋە رومكىلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېلىشتى. ئاسلى ئۆمەرنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان نېمىشقىدۇر ھېچ نەرسە سورىمىغىنىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى، مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن شۇنداق قورقاتتىكى، ئەگەر ئېغىزدىن پەقەت چىقىرىلمىغان بولسا، كۆزىنى يۇمۇپ ياشاۋەرگەن بولاتتى. گەپ ئېچىلدىمۇ، ئەمدى ھەقىقەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. ئاسلى ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭ بىر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنى زورغا تۇتۇۋېلىپ يېنىدا ئولتۇرغان ئۆمەرنىڭ قولىنى تۇتتى.

— جېنىم، ئۆمەر ئۆتۈنۈپ قالاي، شۇ تاپتا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنۇڭنىڭ يېنىغا كېتىپ، ئۇنى قانچىلىك سۆيىدىغىنىڭنى دېسەڭ بولامدۇ؟ — دېدى زەردە بىلەن.

— ئاسلې ... بىلىسەن، ئۇنداق دېيىش نىيىتىم يوق ئىدى، مەن ...

ئۆمەرنىڭ چىرايىدىن ئالاقزەدىلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنى ئەمدى ئالدىمايدىغانلىقىڭنىمۇ سۆزلىگىن ! ھېچ بولمىغاندا مەن بىلەن ...

— ئاسلې، بۇ گەپلەرنى كېيىن دېيىشسەك قانداق، بىلسەڭ مەست بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەررىنىمۇ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدى ...

— خاپا بولماي كەتكەن بولساڭ ! ئۆتۈنۈپ قالاي، كەتكىن بولامدۇ؟

ئۆمەر ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى بىلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى سالفېتكىنى غەزەپ بىلەن زەررىنىڭ يۈزىگە ئېتىۋېتىپ، رېستوراندىن چىقىپ كەتتى.

ئاسلې ئۆزىنى ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەكلا ھېس قىلدى، بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مەنىسىز، شۇنچىلىك قاراڭغۇ بىلىندى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلىش توغرۇلۇق باش قاتۇردى، ھاياتنى بۇنداق ئاخىرى چىقماس ئىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىسراپ قىلىشنى خالىمىدى. ئۇ كېيىنكى ئىككى ھەپتىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكۈزدى، ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى ئاسانلىقچە قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنىمۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئۆزىنىڭمۇ چىدىيالماي قايتا يارىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھېچكىمگىمۇ دېمەستىن رۇمەلى خىسارىدا بىر كىچىك ئۆينى ئىجارىگە ئالدى ۋە خىزمىتىدىنمۇ ئىستېپا بەردى. ئۆمەر شۇ كۈندىن كېيىن ئاسلېنى توختىماي ئىزدىدى، نەچچە قېتىملاپ ئۆيىگە كەلگىنىدە ئاسلې «ماڭا بىر ئاز ۋاقىت بەرگىن !» دەپ سۆزلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى كەتكۈزۈۋەتتى.

ئاسلې شىركەتتىن كېتىدىغان ئاخىرقى كۈنى، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ سىرتقا چىققىنىدا، ماشىنىسىنىڭ يېنىدا ئۆمەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئەھۋالى ناچار كۆرۈنەتتى.

— خالىغىنىڭنى قىلاي، بىر سۆزلىشەيلى، ماقۇلمۇ جېنىم ! سەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشقا رازىمەن، سېنى ياخشى كۆرىمەن ! — دېدى ئۆمەر شۇنچىلىك بىچارە قىياپەتتە.

— بەك كېچىكتى ! — دېدى ئاسلې ۋە ئۇنىڭ مەڭزىلىرىدىن سۆيۈپ خوشلىشىپلا ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەتتى. ئۇ «مەن پەقەت ئارزۇ قىلىدىغىنىمنى سېنىڭمۇ ئوخشاش ئارزۇ قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم !» دېيەلمىدى.

بۇ ئاسلېنىڭ ئۆمەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشى ئىدى، ئۇ ئەتىسى ئىنىسى ـ جىنىغا تويدۇرماي كۆچۈپ كەتتى.

## 18

ئاسلېنىڭ يېڭى ئىجارىگە ئالغان ئۆيى رۇمەلى خىسارىنىڭ ئازادە كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئىدى. ئاسلې كونا بىر بىنانىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى كىچىك ئۆينى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئېرەنكۆيدىكى ئۆيىنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ يېرىمىچىلىك كېلىدىغان مېھمانخانا ئۆيى ۋە ئىككى كىچىك ياتاق ئۆيى بار ئىدى. بىنانىڭ ئالدى ۋە ئارقىسىدىكى قېرى دەرەخلىك ئۆينى قاراڭغۇ قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ھاۋاسى ساپ بولۇپ، شاماللاردىن يەلپۈنگەن ياپراقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئادەمگە ھۇزۇر بېرىپ تۇراتتى ... بۇ ئۆي كىچىك بولغانلىقتىن، ئاسلې كۆپىنچە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەكەلمىدى، جۇلدەدىن قالغان غەربچە ئۆي جاھازلىرى ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرلا بۇ ئۆيگە شۇنچىلىك ھۆسن قوشقانىدىكى، كۆرۈمسىز پوللارمۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقمايلا قالدى. ئۆينىڭ غوجىدارى ھەرھالدا

ئۆينى ئاق رەڭدە بوياتقاچقا، كىشىگە يېقىشلىق بىلىنەتتى. پەقەت ئاشخانا بىلەن مۇنچىلا سەھرا تۇسىدە بېزەلگەن بولۇپ، ئاسلىبىنىڭ كۆڭلىگە ئانچە ياقمىدى.

ئاسلىبىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرغان ئولتۇراق بىناسىدا، پەقەت ئۇششاق باللارنى كۆرگىلى بولمايتتى، بۇ يەردە يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن باللارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرىنى، قاتتىق يېپىلغان ئىشىكنىڭ ئاۋازلىرى، بىنادىن يۈگۈرۈپ چۈشكەن ئاياغ تىۋىشىنى يېرىم كېچىلەرگىچە ئاڭلىغىلى بولاتتى. بۇ باللار پەقەت بالدۇر ياتمايتتى، باش - كۆزلىرى توپا - چاڭغا مىلىنىپ، قاسماقلا يۈرەتتى. بىنانىڭ ئالدىدىكى ئاق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان سېمىز خوتۇنلار پايپاق توقۇغاچ غەيۋەت قىلىشسا، كېزى كەلگەندە ئاۋازلىرى بوغۇلۇپ قالغۇچە باللىرىغا ۋارقىراپ - جارقىرايتتى.

ئاسلى ئۆي كۆچكىنىنى، خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگىنىنى ئۆمەرگە دەپ قويامدىكىن دەپ، نالان، ئايلا، زەررىنگە دېمىگەنىدى. ئايلاغىمۇ ئېرەنكۆيدىكى ئۆيدە قېپقالغان نەرسە - كېرەكلەردىن ئالىدىغىنىنى ئېلىۋال دېمەكچىدى، قالغىنىنى ئىشىك باقار سەيفى بىلەن سابىھەگە بەرسە بولاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆي كۆچۈش ماشىنىسىنى كۆرۈپ، كۆڭۈللىرى يېرىم بولمىسۇن دەپ ئۇلارغا دېيىشكە پېتىنالمىدى. پەقەت لەۋەنتنى ئۆزىگە قىلغۇدەك ئىش تېپىپ بەرگىن، دەپ ئىزدىدى.

لەۋەنت ئۇنىڭغا بىر تونۇر كولۇبىدا مۇلازىمەتچىلىك ئىشىنى تېپىپ بەردى، بولمىسىغۇ ئاسلىبەدەك چىرايلىق قىزلارغا ئىش چىقمايمۇ قالمايتتى، ئەلۋەتتە ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق ئىشلەشنىمۇ ئويلاشمىغانىدى، تۈزۈككىرەك خىزمەت تاپقۇچە جېنىنى بېقىش ئۈچۈن بۇ يەردە قالدى.

ئاسلى تونۇر كولۇبىدا تۆت ئاي ئىشلىدى، نامازشامدا ئىشقا بېرىپ، سەھەرنىڭ ئاخىرقى چىرىغى ئۆچكەندە ئۆيىگە قايتتى. كەچتە ئىشلەپ كۈندۈزدە ئۇخلاپ، يېڭى ئۆيىنىڭ ھۇزۇرىنىمۇ تۈزۈك كۆرەلمىدى، دەسلەپ ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا مېھمانلاردىن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغانلار، قاش - كۆز ئاتقانلارمۇ بولدى، كېيىن ئۇنداقلارمۇ بارا - بارا ئازايدى. لېكىن، تەۋە كولۇبتا ئىشلەيدىغانلار ئىنتايىن ياخشى ئىدى، كولۇبنىڭ سودىسى ياخشى ئىدى، بولۇپمۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى سودا جانلىنىپ كەتكەچكە، ئاسلى ئىنتايىن چارچاپ كېتەتتى، ئەمما، بۇ ۋاقىتلىق ئىشىدىن رازى ئىدى، ھېچ بولمىغاندا ئالدىراشچىلىقىدىن ئۆمەرنى ئويلىمايتتى.

ئاسلى ھەممە نەرسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ توغرا قىلغانىدى. تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ئىشلىشى، نۇرغۇن ئىشلارغا كۆنۈشى كېرەك ئىدى، كەيپىياتى يامان ئەمەس كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئۆمەر پەقەت خىيالىدىن چىقمايتتى، مەيلى تاماق يېسۇن، ئۇخلىسۇن، زاكاز ئالسۇن، ھېسابات قىلسۇن، باشقىلار بىلەن چاقچاق قىلىشسۇن، ئۆيىنى يىغىشتۇرسۇن، ھەتتا تۇك، سۇ پۇلىنى تۆلىگەندە بولسۇن، ئۆمەرنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتى، ئۇنى بەزىدە ئويلىمىسىمۇ، يۈرىكى ھەرگىز ئۇنۇتمايتتى.

ئۇ كولۇبتا تۆت ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، بىر چەت ئەلنىڭ ھەمكارلىق شىركىتىدىن ئىش تاپتى، كولۇبتا تاپقان پۇلغا سېلىشتۇرغاندا پۇلى ئاز بولسىمۇ، بۇرۇنقى ئىشىغا نىسبەتەن مائاشى يۇقىرى ئىدى، كولۇبتىكى ئىشتىن ئايرىلىش ئۈچۈن بارغىنىدا، غوجايىنى پەقەت جۈمە ۋە شەنبە كۈنلىرى كېلىپ ئىشلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ناۋادا شىركەتتىكىلەردىن كۆرۈپ قالىدىغانلار بولسا، دوستۇمغا ياردەم بېرىۋاتىمەن دېسىلا بولاتتى. ئاسلى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى، لېكىن يەنىلا ئىككى ئاي ئىشلەپ بېرىپلا، ئۇ يەردىن پۈتۈنلەي

ئايرىلدى.

ئاسلى كۆلۈبتا ئىشلەۋاتقىنىدا لەۋەنت بىلەن يۈردى، لېكىن ئۇنىڭغا ئاشىق ئەمەس ئىدى، سۆيۈشكىنىدە يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ باققىنىنى پەقەت بىلمەيتتى. قارالماققا ھەممە ئىشلار خېلى جايىدا كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئاسلىنىڭ روھى ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس ئىدى. لەۋەنت كىرپىگە ئوخشاش مۇلايىم، كۆيۈمچان ئىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئىككى يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن دوستلارچە ئايرىلىپ كېتىشتى. ئاشىق بولمىغان بىرسى بىلەن دوستلارچە ئايرىلىپ كەتمەك نەقەدەر ئوڭاي ئىش - ھە ! ئۇ كېيىن يەنە باشقىلار بىلەن تونۇشتى، ھەتتا بىر قانچە قېتىم بۇ «ئەڭ ئاخىرقىسى» دەپ ئۈمىدلىنەتتى، ئۇلار بىلەن سەھەردە ئويقۇدىن خۇشال ئويغىناتتى، كۈلۈشەتتى، سېغىنىشاتتى، ساقلىشاتتى، رەنجىشەتتى، ئۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ياخشى كۆرۈپ سۆيگەنلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدىكىدەك ئازابلانغىنىنى ياكى ھاياجانلانغىنىنى بىلمەيتتى.

ئاسلى ئۆمەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشتىن قاچاتتى، پۈتۈن دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆمەر توغرىسىدا ھەرقانداق ئۇچۇرنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. ئاسلىمۇ ئۆمەر بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان ھەرقانداق يەرگە بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدى، ئۆيىنىڭ ۋە خىزمەت ئورنىنىڭ ئالدىدىنمۇ ئۆتمىدى. نەچچە يىل ئۆتۈپ، ئۆمەر توغرىسىدىكى تۇنجى خەۋەرنى زەررىن يەتكۈزۈپ ئاسلىنىڭ ئارامىنى يەنە بۇزدى. بۇ ئىش ئۇلار ئايرىلىپ تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى، ئۇلار نالاننىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقاندا، زەررىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ نالاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ۋە:

— قاراڭلار ! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر خەۋىرىم بار ! ئۆمەر بىرسىنى تېپىپ دالىيانىڭ كەشىنى توغرىلاپتۇ، بۇگۈن ئۇلار تويلىرىنى قىلغۇدەك ! — دەپ جار سالدى.

نالان زەررىننىڭ شۇم ئېغىزىنى بېسىپ بولالماي، بېشىغا بىرنى قويغىنىچە سافاغا چۆكۈپ كەتتى. ئاسلى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ئورنىدىن تۇرۇپلا ھاجەتخانىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئازابقا چىداپ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا بىچارە ئاسلى ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا، ئاجىز بەدىنى بۇ ئازابقا چىداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك، روھى چىقىپ كەتكەن مۇردىغىلا ئوخشاپ قالدى.

— ھاياتىمدا سەندەك دۆت، بىمەنە ، شۆپەك ئېغىز بىرىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ! — دېدى نالان زەررىننى زەردە بىلەن تىللاپ.

— مەن دېمىسەممۇ باشقىلاردىن ئاڭلايتتى، — ئۆزىنى ئاقلىدى زەررىن.

— ئۇ كىم ئىدى؟ ھەر كۈنى خەۋەرلىرى گېزىتكە چىقىپ تۇرىدىغان ئىبراھىم تاتلىسەسمىدى؟ قەيەردىن بىلەتتى؟

ئاسلى سۇ جۇمىكىنى بولۇشىغا ئاچتى - دە، شارىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ تۇردى، خۇددى سۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقاندەك بىلىندى، ئۇ سۇدىن كۆزىنى ئۈزمىدى، شۇ تەرىقىدە بىر سائەتتەك تۇردى، ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالدى، ئاخىرى ئۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرىشنى، ئازابلىنىۋېرىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتى، «قانداق قىلاتتىڭ، تەسلىم بولىسەن، شۇ بېشىڭغا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق ! كۆزۈڭ ئۇپرايدۇ، دەريا - دەريا ياش تۆكۈش توغرا كەلسە، تۆكۈشۈڭ كېرەك ! ھامان ھەممىسى تۆگەيدۇ !» دەپ تەسەللىي بەردى

ئۆزىگە.

ئاسلى سىرتقا چىققىنىدا زەررىن كەتكەنىدى. ئۇ ئازابلانغان ھالدا نالاننىڭ قۇچىقىغا تاشلىنىپ مىش - مىش يىغلاشقا باشلىدى. ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى سۆيمەي، باشقىلارنى سۆيگىنى ئۈچۈن، بۇ ئىشلارنى ھەممىسىنىڭ بىلگىنى ئۈچۈن؛ ئۆزى ئۈچۈن، ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ كەتكىنى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن بوقۇلداپ ياش تۆكتى ...

— ئۇلارنىڭ بالىسى بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىلىرىنى ئېرتقاچ.

نالان ئۈندىمىدى، ئاسلى يەنە يىغلاشقا باشلىدى. ئۆمەردىن بىر بالىسىنىڭ بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى، دادىسىغا ئوخشايدىغان ئوغۇل بولۇشىنى نەقەدەر خالايتتى - ھە! ئۇ تېخى بالىغا قويىدىغان ئىسىمنىمۇ ئويلاپ قويغانىدى، بىر قېتىم ئاسلىنىڭ بويىدا قالغانىدى، شۇ چاغدا ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن، قورسىقىدىكى ئۆمەرنىڭ بالىسى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغانىدى، ئاللانىڭ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل ئايال قىلىپ ياراتقىنىدىن مىننەتدار ئىدى. ئادەم بەزىدە ئەقلىدىن ئادىشىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

— سەن ئاجايىپ چىدامىلىق قىز، بۇ ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىشىڭ كېرەك! — دېدى نالان ئاسلىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئاسلى چىدامىلىق كۆرسىتىشى، بۇرۇنقى ھاياتىنى تاشلاپ رومەلى خىسارنىڭ ئارقا كوچىلىرىدا يېڭى ھاياتىنى باشلىشى، «تۇلپار»ىدىن ۋاز كېچىپ «فىيات»ىنى ھەيدىشى، كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىشلىشى كېرەك! بۇلارنى ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟ بىر ئىشتا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈنمىدى! ئۇنداق ئەمەس، ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن شۇنداق قىلدى. ئەگەر ئۆمەر ئۆزىنى خالىغان بولسا ئىدى، خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقان بولاتتى، ئۆيدە نان غاجىلاپ ئولتۇرۇشقىمۇ رازى ئىدى، بولمىدى شۇ. قارىماسلىقلەر، ئۇنى باشقا ئاياللار ساقلاپ تۇرغان ئىكەن ئەمەسمۇ ئەسلىدە!

ئاسلى ئۆمەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، نەچچە ھەپتە ئۆز ئەسلىگە كېلەلمىدى، ئەڭ مۇھىم يىغىنلاردا ھاڭۋېقىپ ئولتۇردى، ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ماشىنىدا، ماشىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ، تەقدىرگە تەن بېرىدىغان بولدى. بارا - بارا ئاز يىغلايدىغان، ئۆمەرنى كۆپ ئويلىمايدىغان بولدى، ئاخىر ھايات ئۇنى كۆندۈردى، ھەممىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولۇپ كەتتى، ئازابنى ئاستا - ئاستا كەينىگە تاشلاپ، ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئاسلى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋىسال ئارزۇسىدىن مەھرۇم قىلغان سۆيگۈ دەرياسىنىڭ ناھايىتى شىددەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدى. كۈچلۈك دولقۇن مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قارشى قىرغاقتىكى سۆيگۈڭىزگە يېتىش ئۈچۈن، پەقەت بىرلا پۇرسىتىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنگىنىڭىزدە قارشى تەرەپكە ئۆتەلەيدىغان بىر ئاسما كۆۋرۈك ... بەزىدە ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن شۈبھىلەنگىنىڭىزدە ئۇ كۆۋرۈكنىڭ زەنجىرلىرى ئۈزۈلۈپ، قارشى تەرەپكە بېرىشىڭىز قىيىنلىشىدۇ، شۇنداقتىمۇ قالغان زەنجىرلەرگە تايىنىپ ئۆتىسىز؛ بەزىدە مۇھەببەتتىن، ھاياتتىن، ئاشىقىڭىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزىسىز، بۇ چاغدا كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار كۆۋرۈكىڭىزنى ۋەيران قىلىپ، زەنجىرلىرى ۋە تاختايلىرىنى يىراقلارغا ئېقىتىپ كېتىدۇ. سىز قارشى تەرەپتە تۇرغان سۆيگۈنىڭىزگە تەلمۈرۈپ قارىغىنىڭىزچە ئۇنىڭ بىلەن قايتا دىدارلىشىشنىڭ يولىنى ئىزدەيسىز، ئەمما بىر مەزگىل تاپالماي تېڭىرقاپ قالىسىز. بۇنداق

ۋاقىتلاردا بەزىلەر ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلىپ دەريانىڭ قىرغىقىدىن يىراقلاپ كېتىدۇ؛ بەزىلەر ئۆزىنى شىددەتلىك ئېقىمىغا ئېتىپ، قارشى تەرەپكە ئۈزۈپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما سۆيگۈ قەدرىنى بىلمىگەن ۋە ساداقىتىغا ئىشەنمىگەنلەر بۇ دەريانىڭ دولقۇنىدا غەرق بولىدۇ. يەنە دولقۇن يېرىپ ئۈزۈشكە تىرىشقانلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت ۋاز كەچمىسىلا ئۆمرىنى ئاشۇ دولقۇندا ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا بۇ ئەتراپتا ياكى باشقا جايلاردا يېڭى بىر ئاشىق ياكى باشقا بىر دەريانىڭ بارلىقى ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ. باشتىلا دەريادىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىلا، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلەر بولسا، ئۆمۈر بويى «تىرىشسام قارشى قىرغاققا يېتەلىگەن بولارمىدىم» دەپ سوئال قويىدۇ.

ئاسلى ئۆمەردىن ئايرىلىپ كەتكەندىن بېرى بۇ سوئالنى ئۆزىدىن تالاي قېتىم سورىدى، كېيىن ھاياتتىن ئاغرىنماسلىقنى ئۆگەندى، ئادەمنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كاللىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى، ئاق بىلەن قارىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگەندى، بىھۇدە ھاياجانلانماسلىقنى، باشقىلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى كۈتمەسلىكنى ئۆگەندى.

ئاسلى 2001 ـ يىلى فېۋرالدا دېڭىز قولتۇقى مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان گۈزەل بىر يەرگە كۆچتى، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن «فىيات»نى سېتىۋېتىپ، ئورنىغا ئۇزاق مەزگىللىك قەرز ئېلىپ «فورت» ماركىلىق ماشىنىغا ئالماشتۇردى، ئىش ـ ئوقىتى يامان ئەمەس كېتىۋاتاتتى، تۇرمۇشىمۇ خاتىرجەم، ئەمما نېمىشقىدۇر، ھاياتىدا بىر نەرسىسى كەمدەك ئىدى.

**19**

2003 ـ يىلى ئۆكتەبىر.

ئاسلى ئۆمەر بىلەن قايتا دىدارلىشىپ، يېڭىدىن باشلىغان تۇرمۇشى يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن ئەلى كېرەمنىڭ بەرگەن ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئىشقا كەلدى، ئىشخانىغا كىرىشكە كاتىپ قىز ئۇنى قارشى ئالدى.

— خەيرلىك سەھەر ئاسلى خانىم، بۈگۈن بەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، قول تېلېفونىڭىزنى ئېتىپ قويۇپتىكەنسىز، سىزنى ئىزدەپ شىركەتكە بەك كۆپ ئادەم تېلېفون بەردى. نالان ئىككى قېتىم ئىزدىدى، يەنە سىنان ئەپەندى ئىزدىدى، ماشىنا ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆمەر دېگەن بىرىمۇ ئىزدىدى... ئەلى كېرەم بەي ئەتىگەن سائەت ئوندا ئېچىلىدىغان يىغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئۇ بۈگۈن غەيرىي بولۇپ قاپتۇ، ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ تېلېفونىمۇ قوبۇل قىلمىدى، ھېچكىم بىلەنمۇ كۆرۈشمىدى . . .

— ۋاي خۇدايىمەي ! — دېدى ئاسلى يالغان كۆڭۈل بەرگەن قىياپەتتە، ئەقلى ـ ھوشى ئەلى كېرەمدە ئەمەس، بەلكى ئۆمەردىلا ئىدى، دۇنيا كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ، ئەلى كېرەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئاسلى نالاننىڭ شۇنچە ئىزدىگىنىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ تېلېفون قايتۇردى.

— ئىشتىن قوغلاندىم ! — دېدى نالان تېلېفوننى ئېلىپلا.

— قانداق بولۇپ؟

— خوتۇنى بىلىپ قاپتۇ.

— چاقچاق قىلمىغىن !

— چاقچاق قىلمىدىم، ئاخشام تېلېفون بېرىپ ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا كەلمە دېدى.

ئاسلى نالانغا ھەيران قالمىدى، ئۇلارنىڭ

ئىشى باشلانغاندىلا ھامىنى بىر كۈنى مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغىنىنى پەملىگەنىدى، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگىنى ھەرگىزمۇ ئۆزگىلەرگە ساۋاق بولمايتتى، ھەركىم ئۆزىنىڭ بۇرنىغا يېگەندىن كېيىنلا ساۋاق ئالاتتى. نالان ئاسلىنىڭ ئۆمەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تۇرۇقلۇق، ئۆز بېشىغا كەلگەندە ئۆزى بىلگەنىنى قىلدى. ئاسلىنىڭ شۇ تاپتا پۈتۈن دۇنيادىكى ياشلارغا «ئەخمەقلىق قىلماڭلار ! ھەممىسى ئوخشاش !» دەپ ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى.

ئۇ نالانغا تەسەللى بېرىشنى ئويلىدى، ئەمما قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدى. كەچلىكى بىر يەردە كۆرۈشۈپ ئوبدان پاراڭلاشماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاسلى يېڭى ئەر دوستى سىنانغا كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى دەپ قويماي بولمايتتى. سىنان مىجەزى بەكمۇ ئوڭلۇق يىگىت. ئۇ ئاسلىنىڭ ئۆمەردىن كېيىن تۇرمۇ- شىغا سىڭىپ كىرگەن ئەركەكلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر پەقەت ئۇچىلا قېتىم كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئاسلىدا ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر دوستىنىڭ تويىدا تونۇشقان، ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قالغانلى- قىنى بىلگەن بىرقانچە دوستلىرى بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ ئىككىسى ئۈچۈن كەچلىك ئولتۇرۇش قىلىشقانىدى. يەنە بىر قېتىمدا ئىككىسى بىللە كىنو كۆردى، ئاندىن پىززا يېدى. ئۆمەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاسلى ھەرقانداق ئەر بىلەن بۇنداق چاپسان چىقىشىپ كەتمىگەنىدى، ئادەتتە بىرسى بىلەن چىقىشىشى ئۈچۈن ئايلار كېتەتتى، ئەمما بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى، ئۇنىڭ بىلەن تونجى قېتىم كۆرۈشكەن چېغىدىن باشلاپلا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كاللىسىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەندەك، يالغۇز ئىككىسى قالغاندەكلا ئىدى.

سىناننىڭ بىرلا قۇسۇرى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكىلى ئۇزاق بولمىغانلىقىدا ئىدى. ئادەتتە ئاجراشقان ئەرلەر خۇددى ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەندەك بولۇپ قالارمىش. يېڭى ئاجرىشىپ كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا پىلان تۈزۈۋاتقان ئەرلەرنىڭ كاللىسى ئىشلىمەيدىغانلىرى، تۆت كۈن ئۆتمەستىنلا يامان خوتۇنلارنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ قالاتتى. يەنە بىر قىسىملىرى ھەتتا ئەھۋال سورىغان ئايالىلارنىڭ ھەممىسىدىن ھازىرلا ئۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدىغاندەك ئۇركۈپ يۈرۈشەتتى. ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئايالىلار بىلەن بىللە بولۇشنى ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلىشىۋالغان. بەزىلىرى ئايالىلار بىلەن شۇنداق يېقىن ئارىلىشىدۇ، بىر مەزگىل ئارىلاشقاندىن كېيىن پوقتەك سوۋۇپ زېرىككىنىدىن قانداق ئايرىلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشىدۇ.

ئاسلى سىناننىڭ يوقىرىقىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى، يېڭى ئاجراشقان بىر ئەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىنان ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى... يېڭى ئاجراشقانلارنىڭ تولىسى ئۆزىنى پەقەت تۇتالماي، دائىم ئالاقزەدىلىك بىلەن ئىچى سىقىلىپلا يۈرەتتى.

ئاسلى يېرىم كۈننى شىركەتتىكىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتكۈزدى، ھەممىسى ئەلى كېرەمنىڭ خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر ئىدى. «بۇگۈن زادى نېمە كۈن بولغىيتتى؟ ئايرىلىش كۈنى ئەمەستۇ؟ ئەلى كېرەمنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراپ ساۋاب ئىش قىلىش كېرەكمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئاسلى. ئەمما، بۇ تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى، چۈنكى، باشلىقىدىن بولۇشىغا تەنبىھ يېگەن

كاتىپ قىز ئاسلىينى ئىچىگە كىرگۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ ئەلى كېرەمگە ئۇقتۇرۇش نىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، ئاسلىيمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئەلى كېرەمنىڭ قول تېلېفونىغىلا « سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم !» دەپ ئۇچۇر يوللىدى، ھەمدە جاۋابىنىمۇ شۇنداق تېز تاپشۇرۇۋالدى: «ئىشخانامغا، كىرگىنە !»

ئاسلى «بازغان باش»نىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئاخشام نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى پەرەز قىلدى، چىرايى خۇددى تاياق يېگەن ئىتتەك سولغۇن كۆرۈنەتتى.

— قانداقراق ئەلى كېرەم ئەپەندى؟ كەيپىياتىڭىز ئانچە ياخشى كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— پەقەت ياخشى ئەمەس ئاسلى، شۇنىڭدىن بولۇشى مۇمكىن.

ئاسلى ئەپچىللىك بىلەن ئەلى كېرەمنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئەلى كېرەم ئاسلىينىڭ سوئال سورىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەستىن سۆزلەپلا كەتتى:

— ئايالىم قىزىمنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى، ئاجرىشىمەن دەيدۇ، خانىم مەندىن بىزار بوپتۇ، مەن بىلەن بولسا ھېچقانداق ئىشتىن ھوزۇرلىنالمايدىكەن، — ئەلى كېرەم ئاسلىينىڭ چىرايىغىمۇ قارىيال- مىدى، تامغا تىكىلىپ تورغان كۆزلىرى قايتا نەملىنىشكە باشلىدى، ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىر ئىنسان سەن بىلەن ياشىسام ئىچىم سىقىلىدىكەن دەپمۇ ئايرىلىپ كېتەمدۇ؟ قانداق دېگەن گەپ بۇ؟

ئاسلىيمۇ ئاجرىشىش ئۈچۈن قانداق سەۋەب لازىم بولىدىغانلىقىنى دېيەلمىدى، ھەتتا ئەلى كېرەمنىڭ سۆزلەۋېتىپ چاناقلىرىدىن ئاققان ياشلىرىغا قاراپ شۇنداق ئىچى ئاغرىدى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك سىپمىز، كۆرۈمسىز، ھەتتا تەرلەپ كېتىۋاتقان دىقماق قوللىرىغا قاراپ، «ھەي بىچارە، سەنمۇ بىر ئىنسان بالىسىغۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئايالىنىڭ تاشلاپ كېتىشى ئەلى كېرەمگە شۇنچىلىك ئېغىر كەلگەنىدى، ئۇنىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك، غۇرۇرلۇق تىزلىرى ئاخىرى بولۇم- سىز ئايالىنىڭ ئالدىدا ئېگىلگەنىدى، ئامال قانچە، ئىنسانچىلىقتا ئادەم ھەممىنى قىلماي نە چارە. قەدرىڭىزنى قىلىدىغان بىرىدىن ئايرىلغان چېغىڭىزدا، ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايسىز. ئەلى كېرەم توختىماستىن «ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىم» دەيتتى. ئەمما، گەپ «ئۇنى ياخشى كۆرۈش» تە ئەمەس، بەلكى ئۇ «ئايالىنىڭ تاشلاپ كەتكىنىنى ياخشى كۆرەتتى»، ئادەم دېگەن ئاجايىپ دېسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئەركەك ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

ئاسلى ئەلى كېرەمگە بىرمۇنچە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئىشخانىسىغا قايتقاچ، ئۆزىنى ياخشىلىق پەرىشتىلىرىدەك ھېس قىلدى، قانداقلا بولسۇن، بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىسىمۇ، دەردىنى ئاڭلىغانىدى، ئاللانىڭ بۇلارنى كۆرۈشىنى ۋە ياخشىلىقىغا يېزىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلدى. كاتىپ قىز ئۇنى كۆرۈپ:

— ئۆمەر ئەپەندى كەلگەنىدى، ئىشخانىڭىزدا سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى.

كاتىپ قىزنىڭ گېپىدىن ئاسلىينىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، تۇنجى ئېسىگە كەلگىنى گىرىم خالتىسىنىڭ ئىشخانىسىدا قالغىنى بولدى. ئالاقزەدىلىك بىلەن ھاجەتخانىغا يۈگۈردى، گىرىمى ئاللىبۇرۇن ئۇچۇپ كەتكەنىدى، قايتا قىلىشقا ئامالمۇ يوق، بولمىسا ئۇپا - ئەڭلىكنى تازا سۈرمەسىمىدى. شۇ تاپتا ئاللاھىدىنىنىڭ جىنى چىقىپ: «بىرلا تىلىكىڭنى ئورۇندايمەن، ساڭا نېمە كېرەك !» دەيدىغان بولسا ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا: «گىرىم خالتامنى ئېلىپ كەل !»

دېگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۈن نېمىشقا سېمىز كۆرسىتىپ قويىدىغان بۇ ئىشتىنى بىلەن كوپتىسىنى كىيگەن بولغىيتتى، ئىست! يېڭى ئالغان ناۋات رەڭ كۆڭلىكىنى كىيگەن بولسىچۇ! ئۇ چاغدا دۇنيانىڭ ھاكىمىدەك مەغرۇر ھالدا ئالدىغا كىرمەسمىدى، ئۆزىگە ھېچ ماس كەلمەيدىغان بۇ ئىشتىنى بىلەن خاتا ھالدا ئېلىپ قالغان بىر نومۇر چوڭ كوپتىسى ئۇنداق يۈز بېرەلمەيتتى، قاچايمۇ دەپ باقتى، «بولدىلا، سارائڭلىق قىلماي» دەپ ئويلىدى ...

ئاسلى چارىسىزلىق ئىچىدە ھاجەتخانىدا بەش مىنۇتتەك تۇردى، ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھاجەتخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئىشخانىسىغا كىردى، ئۆمەر ئۇنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— نېمە بولدى ساڭا! بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ چىرايىڭ باشقىچىلا تۇرىدۇ؟ — دېدى ئۆمەر.

ئاسلىغا شۇنداق بىلىنەمدۇ ياكى ئۆمەر ھەقىقەتەن قاملاشقان يىگىتمۇ، ئۇ يەنىلا شۇنداق ياخشى تۇرغاندى. بولمىسا كىشىلەر ئادەتتە ئاشىق بولۇپ ئايرىلغان بىرىنى يىللاردىن كېيىن كۆرگىنىدە «ۋاي، مۇشۇمىدى مەن كۆيۈپ-پىشقان ھېلىقى ئادەم!» دەپ ئۆكۈنەتتى. نېمىشقا ئۆزى بۇنداق ھېسسىياتتا بولمايدىغاندۇ؟ ئاسلى ئۆمەرگە ئۈستىبېشىغا قاراشقىمۇ پۇرسەت بەرمەستىن تېزلىك بىلەن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۆمەردىن قۇسۇر ئىزدەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇنچە قارىسىمۇ، تەلىيىگە ھېچقانداق ئەيىب تاپالمىدى.

— ماشىناڭ ئەتە چىقىدۇ، خەۋەر بېرەي دەپ كەلگەنىدىم.

— ئەجەب ئىتتىكقۇ! — دېدى ئاسلى يالغان خۇش بولغاندەكلا، ئاندىن گىرىم خالتىسىنى چىقىرىپ يۈزىگە ئۇپىسىنى سۈرتتى.

— خاپا بولمىساڭ سىرتقا چىقىدىغان ئىشىم بار ئىدى، ھازىر ماڭاي دەپ تۇرغان... — دەپ قوشۇپ قويىدى ئۇ يالغاندىنلا.

— قوغلىمىساڭمۇ كېتىمەن.

— ئەمدى ...

ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈستەلگە يېقىنلاشتى.

— يىللاردىن بېرى سېنى ئويلىدىم، سەندىن ئەپۇ سوراش قەرزىم بار، بىرەر قېتىم بولسىمۇ، كەچلىك تاماق يەيلى، سەندىن كەچۈرۈم سورىشىمغا پۇرسەت بەرگىن، — دېدى ئۆمەر.

ئاسلى ئۈچۈن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىر چاغلاردا قىلغان سارائڭلىقىنىڭمۇ چېكى بار-دە، «ئېشەكمۇ پۇتى چۆشكەن يەردىن ئايلىنىپ ئۆتەرمىش.» ئۆزى بىر ئەقلى بار ئىنسان تۇرۇپ ئېشەكچىلىكمۇ بولالمىسا قانداق بولغىنى، شۇڭا: «ئەمدى ئۆلسەممۇ كۆرۈشكىلى چىقمايمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.

— ئەتە ئاخشام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر.

— ماقۇل!

ئاسلىنىڭ ماقۇل دېگىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى، بايا تېخى قانداق ئويلىغانىدى! ئۆزىنى كونترول قىلالىشى كېرەكتىغۇ!

ئاسلى ئىشخانىسىدا يالغۇز قالغىنىدا ئۆزىنى قايقارا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ مۇدھىش كۈنلىرىنى تەنھا ئۆتكۈزگەن، يىقىلغان ھاياتىنى قايتىدىن قۇرغانىدى. ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئازابلىرىنى تارتقىنى ئۈچۈن ھېكايە يېزىلغان دەپتەرنى يېپىپ تاشلىغان ئەمەسمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق كاللىسى ئىشلىمەيدىغان سارائڭدەك ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۆمەرنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشىغا يول قويغىنى نېمىسى؟ ئىنسان ئەڭ چوڭ غەلىبىنى ئۆزى ئۈچۈن قازىنىدۇ، ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەتلەرنىمۇ يەنە ئۆزى تاپىدۇ. ئۆمەر شۇ تاپتا ئاسلىغا ئۆزرە ئېيتمۇۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغۇدەك؟

خوتۇنىنى تەرك ئەتمەكچىمۇ؟ ياكى ئاسلىينىڭ كېتىشىگە يول قويۇشنى ئويلىدىمۇ؟

— سەن مېنى ھەقىقىي سۆيمىگەن تۇرساڭ؟ — دېدى ئاسلى ئۆمەرنىڭ تاماكا ئارىسىدىكى چىرايىغا قاراپ.

بۇ ئۇنىڭ گۇناھىمۇ؟ ئادەم بىرىنى مېنى سۆيمىدىڭ دەپ گۇناھ ئارتىشى بولمىسا. ئاسلى ئۆمەر مېنى «ئازراق ياخشى كۆرگەن» دەپ ئېتىراپ قىلالىدى، ئۇ پەقەتلا پىداكارلىق قىلالمىغانىدى. ئۆتنىڭ ئېشىدا كۆيۈپ، ئاسلىينى يىراقتىن سۆيگەنىدى. دۇنيادا سۆيگۈنىدىن، ئېرىدىن ياكى ئائىلىدىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ مۇھەببەتلەشكەن ئادەملەر كۆپىنچە، شۇ تاپتا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىۋاتقانىدى. خۇددى سۆيمەسلىكنىڭ بىر ئۆزرىسى بولغىنىغا ئوخشاش، سۆيۈلمەسلىكنىڭمۇ بىر چارىسى بار ئىدى.

## 20

ئاسلى بىلەن نالان مەيخانىنىڭ بۇلۇڭىدا ھاراق ئىچىۋاتاتتى، نالان توختىماي يىغلايتتى، ئۇ بىلگەندەك ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئەمدىلا كەچ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەيخانىدا ئادەم شالاڭ ئىدى، نالان دەرد تۆككەچ رومكىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن بىكارلاۋاتاتتى، ئاغزىدىنمۇ توختىماي سەت گەپ چىقاتتى.

— ۋۇي ھايۋاننىڭ بالىسى ! خوتۇنۇمنىڭ بۇيرۇقى دەپ، مېنى ئىشتىن قوغلىۋەتتى ! ھازىرقى ئەرلەرنىڭ نېمانداق غورۇرى يوق ! مەن ئۆلسەممۇ بۇنداق ئىشنى قىلمايتتىم، قېنى مېنى سۆيىمەن دېگەنلىرى ! مېنىڭ ئۈچۈن ئۆلسەم رازى دېگىنى قورۇسۇن ! خوتۇنىنى پەقەت ياخشى كۆرمەيتتىغۇ، تۇفى ! خاسان دېگەن قورقۇنچاق ! ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار تېخى، توختاپ تۇرسۇن !

— بولدى قىل، سارالڭ بولدۇڭمۇ، يەنە نېمە ئىش قىلاي دەيسەن ! ساڭا باشقا قىلغۇدەك ئىش يوقمىدى ! خۇدانىڭ ھەققىدە بولدى قىل، قويۇپ بەرگىن ئۇنى، تەلەتى سەت خوتۇنى بىلەن يولىغا مېڭىۋەرسۇن ! ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن ياشاۋېرىشى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ جازا ! — دەپ گەپ قىستۇردى ئاسلى.

ئاسلى نالاننىڭ ئەقلىدىن ئادىشىپ بىرەر بالا تېرىپ قويۇشىدىن قورقتى، نورمال ئەھۋالدا نالاننىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما شۇ تاپتا ئىشلار بىنورمال ئىدى، قانچىلىك رەسۋاچىلىقنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاسلىينىڭ ئىچى سىقىلدى.

مۇلازىمەتچى ئىككىنچى بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ كەلگەندە، ئىككىسى بىر ئاز جىمىپ قالدى، ئەمما نالاننىڭ ھېچ ئاچچىقى ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، سۆزلىگەنسېرى ئەزۋەيلەپ كېتەتتى، ئاغزىدىن سەت گەپلەر توختىماي چىقاتتى، نالاننىڭ ئاغزى ئەسلىدىنلا يامان ئىدى، شۇ تاپتا خۇددى بىر كوچا خوتۇنلىرىدىن ھېچقانداق پەرقى قالمايۋاتاتتى.

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، خوتۇنى مەن ئەۋەتكەن ئۈچۈرلارنى كۆرۈپ سارالڭ بولۇپ قاپتۇمىش، ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇمىش: «مەن ئۇ ساراڭغا تالاي قېتىم ئۈچۈرنى كۆرۈپ بولۇپلا ئۆچۈرۈۋەت» دېگەنىدىم، ئۇ كالۋا ئۈچۈر توغرۇلۇق قانچىلىك گەپلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىسىمۇ، خوتۇنى پەقەت ئىشەنمەپتۇ. ئەمدى قاراپ تۇرسۇن، ئېرىنىڭ مۇنچىدا چۈشكەن سۈرەتلىرىنى خوتۇنىغا سوۋغا سۈپىتىدە ئەۋەتىپ بەرمەيدىغان بولسام، نالان بولماي كېتەي ! مەنمۇ ئىشتىن ھەيدەلگىنىكەنمەن، ئائىلىنىڭمۇ كۆڭلى ئارامىدا قالماسلىقى كېرەك. خاسان ئەپەندىمۇ ئائىلىلار بىلەن ئوڭايلىقچە ئويناشقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ قويسۇن !

نالان يانفونىنى چىقىرىپ، خاسانىنىڭ مۇنچىدىكى سۈرەتلىرىنى ئاسلىغا كۆرسەتتى. ئاسلى سۈرەتكە قارىغىنىغا شۇنچىلىك پۇشايمان قىلدى، خاسان قىپيالىڭاچ ئىدى.

— كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكىلەرمۇ بار تېخى ... — دەپ قوشۇپ قويدى نالان، — يەنە مىلاندا چۈشكەن سۈرەتلىرىمىزمۇ بار، يەرمەنكىلەرگىمۇ ھەر قېتىم بىللە باراتتۇق. باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇ باشتا كېتەتتى، مەن يېنىغا ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا باراتتىم ...

ئاسلى نالاننىڭ ئەلپازىغا قاراپ قورقتى، ئۇ دېگەنلىرىنى قىلماي قويمايتتى، سوغۇققانلىق قىلىشنى ھەرگىزمۇ بىلمەيتتى، دائىم ئىشلارنى خۇلاسىلەپ يەكۈنىنى چىقارمىغۇچە ئارام تاپمايدىغان بۇ دوستى ئەمدى بىر ئىنتىقامچى بولۇپ چىققانىدى. خۇددى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى ئۇ دېمەيۋاتقاندەك، ئىچىدىكى ساراڭ مىتە سۆزلىتىۋاتقاندەكلا ئىدى.

— ئۇنداقتا قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ، دەپ باقىنا ؟ — دەپ سورىدى ئاسلى ھاراق يېنىدىكى سالفېتكىنى نالانغا ئۇزاتقاچ، — شۇنداق قىلساڭ نېمە پايدىغا ئېرىشەرسەن؟

نالان كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتكەچ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سەن ساراڭ قاپاقباش، ئۆزۈڭنى چەتكە ئالدىڭ، نېمە پايدىغا ئېرىشتىڭ؟ نېمانداق تەربىيە كۆرگەن قىز دەپ مېداليون بېرىپ تارتۇقلىدىمۇ سېنى؟

— ھېچنېمىگە ئېرىشمىدىم، لېكىن ھېچ بولمىغاندا ئۆزۈمگە بولغان ھۆرمىتىمنى يوقاتمىدىم. خاسانىنىڭ خوتۇنى سېنى قوغلاتقۇزۇۋېتىپتۇ، چۈنكى سېنىڭ ئۇنىڭ ئېرى بىلەن مۇناسىۋىتىڭ بار، سەنمۇ ھېچ نەرسىنىڭ قۇربانى ئەمەسسەن، ئۇ ئادەم خوتۇنىنى تاللىدى، چۈنكى سېنى ئۇنىڭچىلىك ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەممىسى شۇنچىلىكلا ئاددىي بىر ئىش. ئەمدى خاسانىنى مېنى ياخشى كۆرمىدىڭ، سۆيمىدىڭ دەپ ئىنتىقام ئېلىشىڭ كېرەكمۇ؟ ئىنساپ قىلغىن، ھېچ بولمىغاندا بۇرۇنلا ئۇنىڭ مۇشۇنداق ناچار ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىڭ. بولمىسا ھاماقاتلەرچە ئۇنى مەن ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازى دەپ يۈرەتتىڭ !

مەيخانىدىكىلەر نالاننىڭ ئىچىنىشلىق يىغلىشىغا قاراپ قالدى.

— ئۇ مېنى سۆيىدۇ ... بۇنى بىلىمەن ! — دېدى نالان بۇرنىنى تارتىپ، — بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، «سېنى بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىمەن، لېكىن بۇلارنى ئوغلۇمغا چۈشەندۈرەلمەيمەن» دەپ ئۇچۇر ئەۋەتىپتۇ.

نالان يانفونىدىكى ئۇچۇرنى ئاسلىغا كۆرسەتتى. ئاسلى ئۇچۇرغا قاراپ «بۇ قانداقمۇ يانفون بولسۇن، پاندورانىڭ ساندۇقىغۇ !» دېمەكچىدى، لېكىن نالاننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىككە قاراپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى. نالان خۇددى ھەممە گەپ ئاسلىنىڭ ئاغزىدىن چىقسىلا راستقا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، ئاسلى بىر ئېغىزلا «ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ» دېسە خاسان ئۇنى ياخشى كۆرىدىغاندەكلا ئاسلىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى.

بۇنداق چارىسىز قالغان بىرىگە خالىمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەشكىمۇ جۈرئەت لازىم ئىدى. ئاسلى: «سېنى رەنجىتىپ قويماسلىق، ئاغزىڭنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن شۇنداق دەپتۇ، سەن دۆت نېمىدەپ چۈشەنمەيسەن !»دېيەلمىدى. ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئايايمەن دەپ، سۆيگۈنىنى رەنجىتسە بولىدۇ دەيدىغان قانداق مەنتىقە بۇ ! قاپاقباش ساراڭ ئۆز ئوغلىغا نېمە دېمەكچىكىنە ؟ «قارا ئوغلۇم، ئاراڭلاردا بالا بولسا ھەرگىز ئاجراشمىغىن، سۆيمەيدىغان خوتۇن بىلەن بىر ئۆمۈر بەختسىز بولىۋەرگىن !» دەيدىغان

بولغىيمىدى؟

— بولدى قىل، يىغلىمىغىن ئەمدى، ئەلى كېرەمنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى ئاسلى.

ئاسلى ئىشتىن چۈشكەندە ئەلى كېرەمنىمۇ چاقىرىۋېلىش خىيالىغا كەلگەنىدى، قانداق بولار، بەلكىم نالان ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قېلىشى مۇمكىن، ھېچ بولمىغاندا بىردەم بولسىمۇ كاللىسى ئارام ئېلىپ قالىدۇ.

— نەدىن چىقاردىڭ بۇ ئادەمنى ئەمدى؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۇدەك ھالىم بارمۇ مېنىڭ؟ — دېدى نالان مىشىلداپ تۇرۇپ.

— بولدى قىلە، بىزگە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ قالامدۇ تېخى، — دەپ بېشىنى ئىشىك تەرەپكە بۇراۋېتىپ زەررىنىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ئاسلى ۋە نالانغا قاراپ، — زەررىنمۇ كەپتۇ، — دېدى.

زەررىن دۇنيادا ھېچكىمنىڭ خوشى يوق بىر ئايال بىلەن كىرىۋاتاتتى، زەررىن بۇلۇڭدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى، كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بىردەمدىلا ئاسلىلارنى بايقاپ بولدى. ئۆتكەن كۈنى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبىدىنمىكىن، ئۇلار سوغۇقلا سالاملاشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئىشلار كۆپ يۈز بېرەتتى، ئەمما نەچچە كۈن ئۆتمەيلا يەنىلا يېقىن بولۇشۇپ كېتەتتى، زەررىن بىلەن دوست بولغان ئادەم ئىنتايىن ھېرىپ - چارچاپ ياشايتتى، ئاسلىنىڭ بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتكۈسىمۇ كېلەتتى.

بىچارە زەررىن ئاسلىغا ئۆمەر بىلەن نەچچە ئاي ئىلگىرى ئاق مەركەزدە ئۇچرىشىپ قالغىنىنى، پەقەتلا بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەشكىنىنى قەسەم قىلىپ ئېيتىپ بەرگەن، «ئۆمەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم ھەقىقەت، سەن توغرۇلۇق بىرئاز سۆزلەشتىم، ئەمما سېنىڭ رەنجىپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرەپ ساڭا دېمىگىنىممۇ راست !» دەپ يالۋۇرغانىدى. زەررىبىنىڭ باشقىلارغا ئاسانلىقچە كۆڭۈل بۆلىدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى ھەممىسى بىلەتتى. ھېچقانداق بىر ئىشنى ئىچىدە ساقلىيالمايتتى، بەلكى زەررىن كىچىك ۋاقتىدا بىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلمىساڭ ئۆلىسەن دېگەندەك، شۈپەك ئېغىز ئىدى. شۇ تاپتىمۇ زەررىن دوستى بىلەن خۇددى ئېسىلزادىلەردەك پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئاسلىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئۆمەر توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. بەلكىم، دوستىغا ئۆمەر ئىككىسىنىڭ ئىشنى باشتىن - ئاخىر ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. زەررىن دوستلىرىنىڭ يېقىن دوستلىرى بىلەنمۇ ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولالايتتى، كىم بىلەن تونۇشسا شۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشالايتتى، ئۆزىنىڭ، دوستلىرىنىڭ سىرلىرىنى پارچە پۇلدەك ئەرزىمەس قىلىۋېتەتتى.

— كۆردۈڭمۇ نالان، شۇ تاپتا زەررىنلەر مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئاسلى نالانغا .

— زەررىن ! غەيۋەت قىلمىغىن ! — دەپ ۋارقىرىدى مەيخانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان زەررىنگە.

پۈتۈن مەيخانىدىكىلەر ئۇلارغا قاراپ كۈلدى، زەررىنمۇ قولى بىلەن «ئەخمەقلەر !» دېگەن ئىشارەتنى قىلىپ جاۋاب قايتۇردى. ئاسلى ئىزا تارتقىنىدىن قولىدىكى ئىچىملىكنىڭ ئىچىدىكى لىمونغا قارىۋالدى، شۇ تاپتا بۇ كېچىنىڭ چاپسانراق تۈگىشىنى تىلەۋاتاتتى.

ئەلى كېرەم كەلگەندە، ئۇلار ئۈچىنچى بوتۇلكىنى بىكارلاپ بولغانىدى، ئاسلى ئىشىكتىن كىرگەن ھەممە ئادەمنى ئۆمەرگە ئوخشىتىپلا ئولتۇراتتى، تېخى بىر قىسقا چاچلىق ئېگىز بويلۇق ئايالنى ئۆمەرمىكىن دەپ ھودۇقۇپمۇ قالغانىدى. «بازغان باش» ئۇلارنىڭ

يېنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىنلا، ئاسلى ئىشككە قارىماسلىققا قارار بەردى. ئەكسىچە نالان ئۇ كېچە ئەلى كېرەمگە يامان مۇئامىلە قىلمىدى. بەلكى بۇ دۇنيادا ئازاب چېكىۋاتقان يەنە بىر ئىنساننىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى خېلى بېسىۋالدى، ئەلى كېرەمدىن بىرقانچە قېتىم ئائىلىسىنىڭ ئاشنىسى بار - يوقلۇقىنى سوراپ تۇرۇۋالدى، ئەلى كېرەممۇ بۇنداق بىر ئېھتىماللىقنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىپلا تۇردى. ئاسلىمۇ ئەلى كېرەم تەرەپتە تۇرغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن نالاندەك ئويلىغانىدى، نالان ئۆزىنىلا ئويلاپ توختىماي ئەلى كېرەمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىۋاتاتتى.

— بولدى قىلغىنا، نالان، ساڭا نېمە بولدى؟ كىم نېمىنى خالىسا ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن ! ئۆزۈڭمۇ هازىرغىچە خاسانىنىڭ ساڭا ئاشىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىسەنغۇ؟ — دېدى.

ئەمما، نالان خاپا بولۇشىنىڭ ئورنىغا، ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھتىكى هاراقنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— چۈنكى، ئۇ ماڭا ئاشىق، مەن بۇنى بىلىمەن !... — دېدى نالان ئىشەنچ بىلەن.

ئاسلىنىڭ كاللىسىدىمۇ «هەي... مېنىڭ بېشىمغا كەلگەنلەر، مۇشۇ نالانىڭمۇ بېشىغا كېلىپ قالىدىغان ئوخشىمامدۇ !» دېگەن گۇمان پەيدا بولدى.

كېچە بولغانسېرى نالان بىلەن ئەلى كېرەم ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز تەقدىرىگە لەنەتلەر ياغدۇرۇشقا باشلىدى، ئاسلىمۇ ئىچىدىكى گۇمانلار بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىچە بولسا دوستىنى ئويلىسا، خاسان نالان ئۈچۈن هەممە نەرسىدىن ۋاز كەچسە خۇش بولاتتى.

هاراق ئادەمنى هەقىقەتەن بەك بىخۇدلاشتۇ- رۇۋېتەتتى، ئاسلى شۇ تاپتا ئۆز هالىنىڭ ئىنتا- يىن ناچارلىقىنى هېس قىلىۋاتاتتى، نالانغا يۆلىنىپ شۇنداق يىغلىۋالغۇسى بار ئىدى، شۇڭا نالانغا يۆلەندى، نالان ئۇنى سىلىكىپ:

— نېرى تۇرە، سارالڭ ! ئەجەب ياخشى كۆرمەيمەن مەست ئادەم يۆلىنىۋالسا ! — دېدى.

— مەن ياخشى كۆرىمەن، ئەمىسە ماڭا يۆلەنگىن ! — دېدى ئەلى كېرەم هىجىيىپ.

بۇ قىلىقىنى باشقا بىرى قىلغان بولسا هېچقانداق بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن بەدىنىگە قارىغاندا بېشى يوغان بىرىنىڭ بۇنداق قىلىقى ئاسلىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈۋاتاتتى.

— بولدى ئەمدى، كەچ بولۇپ كەتتى، مەن كېتىمەن ! — دېدى ئاسلى ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ.

ئۇنىڭ پۇتلىرى بوشاپ، باشلىرى قېيىپ تۇراتتى، كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكتىن، شۇ تاپتا بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە لەيلەۋاتقاندەك هېس قىلىۋاتاتتى.

— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟ بۇ كېچە سېنىڭ ئۆيۈڭگە كېتىمەن، تاكسىدا بىللە ماڭايلى ! — دېدى نالان ئاسلىغا كۆزىنى قىسىپ، سومكىسىنى ئالدى ۋە ئاسلىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى.

ئاسلى نالانىنىڭ قاچان بۇنداق گەپ قىلغانلىقىنى پەقەتلا ئېسىگە ئالالمىدى، ئەمدى ئېتىراز بىلدۈرسە ئەيىب بولاتتى. ئەلى كېرەم «مەن سىلەرنى ئاپىرىپ قويىمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئۈچى بىرلىكتە ماشىنىغا چىقتى، ماشىنىغا چىققاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئەلى كېرەمنىڭ غەرق مەست ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۆيگە كەلگىنىدە ئاسلى ساق - سالامەت كەلگىنىگە ئاللاغا مىڭ شۈكۈر قىلدى، نالان ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئالدىدىكى چۆپلۈككىلا قۇستى، ئاسلى ئەلى كېرەمنىڭ مەستلىكتە يەنە ماشىنا هەيدەپ كېتىپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆيدە قونۇپ قېلىشقا تەۋسىيە قىلدى.

ئاسلى ئۆيگە كىرىپلا ئەلى كېرەمنى قونۇپ

قال دېگەن ئاغزىغا ئۇرغۇسى كېلىپ كەتتى، ئەمما قانداق قىلسۇن، گەپ ئاغزىدىن چىقىپ بولغانىدى، ئەمدى يېنىۋالسا سەت تۇراتتى، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېپىنىش ئۈچۈن ئەدىيال ئېلىپ چىقتى، ئاسلېنىڭ ئاپپاق سافاسىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىۋاتاتتى.

ئاسلېنى پۈتۈن كېچە قارا بېسىپ چىقتى: ئۆمەر بىلەن جۇلىدە سۆيۈشۈۋاتاتتى، جۇلىدەنىڭ بەدىنىدىن سېسىق پۇراق تاراۋاتاتتى. ئۇ قورقۇنچتىن تەرلەپ ئويغانغىنىدا ھېلىقى سېسىق بەتبۇي پۇراق يەنىلا پۇراۋاتاتتى، قاراڭغۇدا ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىغا ئەتىرنى بولۇشىغا چېچىپ، پۈتۈن كۆچىنى يىغىپ ئىچىگە سۈمۈردى.

21

ئاشخانىدىن كەلگەن تاراق - تۇرۇقتىن ئويغىنىپ كەتكەن ئاسلي ئاخشام يېگەن تاماقلىرى ئېسىگە كېلىپ كۆڭلى ئېلىشىشقا باشلىدى. ئۇ بۈگۈن ئۆمەر بىلەن كۆرۈشەتتى، قانداق بولۇپ يەنە ئۆمەر بىلەن كۆرۈشۈشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، شۇنچە يىللاردىن بۇيان، ھاياجانغا سالىدىغان ئەرلەر بىلەن كۆرۈشمەيمۇ كۆنۈپ قالغانىدى. ياشلىقىغا ماس كېلىدىغان بۇ خىل تەشۋىش ئەمدى ئۇنى ھەقىقەتەن ھاردۇرۇپ قويغانىدى، «ئۇھ ... !» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاشىق ئىنسانلارنىڭ ھايات ياشىيالىشىمۇ بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلدى. قايناق ھېسسىياتقا تولغان مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۇنىڭ بەرگەن ئاز - تولا خۇشاللىقى ئادەمنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن ھەقىقەتەن ياخشى دەپ بىلەتتى. ئەگەر كۆڭلى تارتىدىغان بىرى بولسا ئۇن كىلومېتىر يەرگە يۈگۈرۈپ بولسىمۇ يېنىغا بېرىشقا رازى ئىدى.

ئاسلي كىيىملىرىنى كىيىپ ئاشخانىغا كىردى، ئەلى كېرەم ئىشكاپلاردىن بىر نەرسىلەرنى ئىزدەۋاتاتتى، ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئاسلېنىڭ كۆزىگە ھەر ۋاقىتتىكىدىنمۇ سەت كۆرۈنۈپ كەتتى، بولۇپمۇ ئاران بىر دەم ئالغان شەنبە سەھەرلىكى ئۆيىدە كۆرۈشنى خالايدىغان بىرى ئەمەس ئىدى. ئەلى كېرەم يوغان بېشى، كېلەڭسىز ئىشتىنى ۋە ئاسلېنىڭ ئاخشام بەرگەن مايكىسى قوشۇلۇپ، خۇددى گۈزەللەرنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋالغان بەتبەشىرە دېۋىلەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنىڭ يەردە قالغان ئىزلىرىنى كۆرۈپ ئاسلېنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئېلىشىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ چىرايىغا ساختا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— خەيرلىك سەھەر ! — دېدى.

— ئىككى گۈزەل خانىمغا ناشتىلىق تەييارلاي دېگەنىدىم .

— ئۇنداق بولسا، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى تاللا بازىرىغا بېرىپ يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ ئۆيدىن ئىككى خانىم يېگۈدەك ھېچنېمە تاپالمايسەن، بازاردىن يانىغان كوچىدا بىر تورتخانىمۇ بار، — دېدى ئاسلي ئۇنىڭغا.

ئاسلي بۇ ئۆزىنىڭ ئۆيى بولغاچقا «بازغان باش»نى سەنلىگەنىنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوقمىكىن دەپ ئويلىدى.

— ماقۇل ! مەن چاينى قويۇپ قويۇپلا ھازىرلا بېرىپ ئەكېلىمەن، سىلەرمۇ ناشتىلىق قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇڭلار ...

ئاسلي ئەزەلدىن ئۆيىدە ناشتا قىلمايدىغان بولغاچقا، ئۆيىدىن ئۇششاق - چۈششەك بىرنەرسىلەرنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ ئەلى كېرەمدىن ئۇن مىنۇت بولسىمۇ قۇتۇلىدىغىنىغا خۇش بولۇپ، نالان ياتقان ئۆيگە كىرىپ دېرىزىلەرنى ئاچتى. ئەسلىدە بۇ ئۆي ئاسلېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى قويىدىغان ئۆيى بولۇپ،

قىرىق يىلدا بىرسى كېلىپ قونۇپ قالسا ياتارمىكىن دەپ، بىر كارىۋات قويۇپ قويغانىدى. نالان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئاسلىغا خاپا بولغاندەك قارىدى ۋە يەنە يوتقانغا پۈركەندى. ئۇ گىرىملىرىنى يۇيۇۋەتمەيلا ياتقىنى ئۈچۈن، يۈزلىرىدىكى قارا ئىزلار ياستۇقنى بۇلغىۋەتكەنىدى، ئۇمۇ ئاسلىغا ئوخشاش سەھەرنىڭ خان ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇشنى خالىمايدىغانلاردىن ئىدى.

— بولدى ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇرغىن ! ئۆيدىكى ئاۋۇ بىرنەرسىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولايلى، ئەجەب ئىچىمنى پۇشۇردى ئۇ بىرنېمە ! — دېدى ئاسلى.

— ئۇھ ... ! ماقۇل، بەش مىنۇتتىچە ئارقاڭدىن چىقىمەن، — دېدى نالان بىزار بولغاندەك.

ئاسلىمۇ چىقاي دەپ تۇرۇشىغا يەردە تۇرغان ئىككى كىشىلىك پايپاقتا كۆزى چۈشتى، بىر جۈپ پۇتى بار نالاننىڭ ئىككى جۈپ پايپاق كىيىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— قوپە دەۋاتىمەن ساڭا ! — ئاسلىنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتۇپ، يوتقاننى قەھرى بىلەن ئېچىۋەتتى ـ دە، ياتاق ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئاسلى چىققىنىدا ئەلى كېرەم بازارغا ماڭغانىدى، ئاسلى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن پايپاقسىز نەم پۇتلىرىغا ئايىغىنى كىيگەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى، بۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى، ئاخشامقى ھاراق سورۇنىغا ئەلى كېرەمنى چاقىرمىغانلا بولسا، بۇ رەسۋاچىلىقمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. قانداقلا بولسۇن، ئون ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدە بۇ بەتبەشىرە ئادەم ئاسلىنىڭ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغانىدى، ئاسلىنىڭ شۇ تاپتىكى ئەڭ چوڭ تىلىكى، ئەلى كېرەمنىڭ نالان ئۈچۈن بىر كېچە كۆرگەن يامان چۈشى بولۇپلا قېلىشى ئىدى، يەنە بىرى بولسا، ناشتىدا ئۆمەر توغرۇلۇق ھېچقانداق بىرەر گەپنىڭ ئېچىلماسلىقى، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئارامخۇدا كەچتە كىيىدىغان كىيىملىرىنى تاللاش ئىدى.

ئاسلى يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ چاچلىرىنى قۇرۇتتى، مېھمانخانىغا كىرگىنىدە نالان تېخىچە قوپمىغانىدى، ئەلى كېرەم ھەقىقەتەن مول ناشتىلىق تەييارلاپ ئۇلارنى ساقلاۋاتاتتى، ئاسلى ئۈستەلگە قاراپلا «ھەي پۇل خەجلەشكە كۆڭلى ئۇناپتۇ ـ دە، بۇ ئەبلەخنىڭ !» دەپ ئويلىدى ھەمدە قورسىقىنىڭ بەكلا ئاچقىنىنى ھېس قىلدى.

— ۋاي! داستىخاننى يامان مول راسلاپسەنغۇ ... ! — دېدى ئاسلى ۋە ئىچىدە «كەتسەڭ بولامدۇ، نالان بىلەن ئىككىمىز ئولتۇرۇپ راھەت يېگەن بولساق» دېدى.

— تېخى تاماقنىمۇ شۇنداق ئوبدان ئېتىمەن، — دېدى ئەلى كېرەم ئۈستەلگە قارىۋېتىپ، — بايا سەن مۇنچىدىكى ۋاقتىڭدا سىنان دېگەن بىرسىدىن تېلېفون كەلگەنىدى، ساڭا يەنە تېلېفون بېرىمەن دېدى.

ئاسلى ئۇنىڭغا شۇنداق سەت قارىۋېتىپ، يىغلىشىنى يا كۈلۈشىنى بىلمەيلا قالدى.

— سەن مېنىڭ تېلېفونۇمنى ئالدىڭما ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قوشنىلىرىمۇ ئاڭلىغۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا.

— خاپا بولمىغىن ! ئويلىمايلا ئېلىپ ساپتىمەن...

— ياخشى قىپسەن ! شۇنچە يىلدىن بۇيان ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى سۆيگۈ نامزاتىم مېنى ناھايىتى شاللاق قىز ئىكەن دەپ چۈشىنىپ قالىدىغان بولدى، رەھمەت ساڭا !

ئۇ ئەلى كېرەمنىڭ شۇنچىلىك ئەپۇ سوراشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن، سافادا ئولتۇرۇپ تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى، ئاسلى سىنان بىلەن ئاخىرقى تاماقتا چىقىپ نەچچە

قېتىم «سۆيگۈنۈڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئاسلى «يوق!» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. شەنبە كۈنى ئەتىگەن ئىت پوق يېمەستە ئۆيىدىن بىر ئەر تېلېفون ئالسا قانداق چۈشەندۈرگەن بىلەن ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ ـ دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمەر بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈندە بولغان ما ئىشنى قارىمامدىغان. ئاسلى سىناننى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ بېقىش ئويى بولغاچقا، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن تېلېفوننى ئېلىپ سىناننىڭ نومۇرلىرىنى باستى.

— مەرھابا! — سىناننىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەك قىزغىن ئەمەس ئىدى.

— بىزنىڭكىدە ناشتا قىلىشنى خالامسەن؟ — دېدى ئاسلى سىنانغا ئەركىلەپ، — دوستلىرىم ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالغان، ناھايىتى مول ناشتىلىق تەييارلاپتۇ، بىللە يەيلىچۇ؟

— مەنمۇ ساڭا يېنىكۆيدە بىللە ناشتا قىلايلىمۇ دەپ تېلېفون بەرگەنىدىم، — سىناننىڭ ئاۋازى بىردىنلا ئەسلىي قىزغىنلىققا قايتتى.

— ھازىرلا كەلگىن، بۇ يەرمۇ يېنىكۆيگە تەۋە، تېز بولغىن! — ئاسلىنىڭ ئاۋازلىرى شۇنچىلىك جىلۋىلىك ئىدى.

— بىردەمدىن كېيىن سۆيۈملۈك ئەركەك دوستۇم كېلىدۇ، ئىككىڭلار بىر جۈپ مەشۇقلارنىڭ رولىنى ئېلىشقا ھازىرلانساڭلار، بەك خۇش بولاتتىم، — دېدى ئاسلى نالان بىلەن ئەلى كېرەمگە قاراپ.

— بولدى قىلە، ساراڭ بولدۇڭمۇ! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى نالان.

— مېنىڭچە، بۇ رولنى ئېلىش ساڭا ئانچە تەس كەلمەسمىكىن دەپ ئويلايمەن. ياتقان كارىۋىتىڭنىڭ يېنىدىكى ئەلى كېرەمنىڭ پايپاقلىرىنى ئېلىپ چىققان بولساڭ بوپتىكەن، بەلكى كىيىۋېلىشنى خالايدىغاندۇ! — دېدى ئاسلى نالان ئىككىسىگە مەسخىرىلىك قاراپ.

## 22

بۈگۈن ئاسلى سىنان بىلەن تۇنجى قېتىم كۈندۈزدە كۆرۈشۈۋاتاتتى، بۇ كېچىنىڭ چىراغلىرى، تاماكىنىڭ ئىسلىرىدىن مۇستەسنا بىر كۆرۈشۈش ئىدى. قاراشتا پاكىز، ساغلام، قىسقا قارا چاچلىق ۋە ياڭاق سۆڭەكلىك چوڭ، ھازىرغا قەدەر كۆرگەن ئەرلەرنىڭ ئىچىدىكى كالپۇكلىرى ئەڭ گۈزەللەردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقانسېرى ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلەتتى. ئانىسىمۇ «بىزنىلەرگە قارىغانسېرى ئامراقلىقىڭ كېلىدۇ» دەيتتى. بۇمۇ پەقەت ئانىسىنىڭلا بەرگەن باھاسى بولماستىن، كۆپىنچە ئاياللارنىڭ ئاغزىدىكى گەپ ئىدى. ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئاسلى سىناننىڭ چىراي ئىپادىسىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئادەمگە راھەت بېغىشلايدىغان سىنان، قىزىقچى ئادەم بولغاچقا، بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك ئەتىگەننىڭ كۆڭۈلسىز ئەتىگەنگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانىدى. شۇ تاپتا ئەلى كېرەممۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە ئانچە سەت كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ئۇلار بىر سائەتچە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاسلى «ئەجەبا، بۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغاندىمەن» دەپ ئويلىدى، بۇ خىيالنى كاللىسىدىن شۇنچە چىقىرىۋېتەي دېسىمۇ، پايدىسى بولمىدى. ئاسلىنىڭ مىجەزىمۇ ھەر زامان مۇشۇنداق ئىدى، قاچان بىرنەرسىنى ئويلاشقا باشلىسىمۇ، پۈتۈن ئەس ـ يادى شۇنىڭدا بولاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرس بېرىدىغان بىر نېمىس تىلى مۇئەللىمى بولۇپ، ئۇ بويى پاكار، بارماقلىرى قىسقا، بىچارە، بېشىدا پەقەت بىرنەچچە تالالا ئاق چېچى بار، كۆزئەينەك تاقايدىغان ئادەم ئىدى ... بىر كۈنى ئاسلى دەرس

ۋاقتىدا ئۇ مۇئەللىمىنىڭ يالىڭاچ ھالدا ئالدىدا يۇگۇرۇپ يۈرگىنىنى خىيال قىلىپ قويۇپ، بىر يىلغىچە بۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشتىن قۇتۇلالمىغانىدى.

ناشتىدىن كېيىن ئەلى كېرەم بىلەن نالانلار كېتىشتى، ئاسلى توساتتىن ئۆمەرنى نەچچە سائەتتىن بېرى خىيالغا كەلتۈرمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۆجىزە ئىدى، ئاخشام تېخى «ئەتە بىر كۈن ۋاقتىنى ئۆتكۈزەلمەي، ئىچىم سىقىلىپ تىرناقلىرىمنى تاتىلاپ ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم!» دەپ ئويلىغانىدى. يېنىدا سىنان تۇرسىمۇ، نىمە سەۋەبتىنكى يۈرىكى يەنىلا ئەنسىز سىلىپ تۇراتتى ...

— تۈنجى قېتىم كۈندۈزدە كۆرۈشۈۋاتىمىز، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى سىنان كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاسلى سەل بۇرۇن بۇ ئىشنىڭ خىيالىدىن كەچكىنىنى ئۇنىڭغا دېمىدى.

— ھەئە، توغرا دېدىڭ ! — دېدى ئاسلى سىناننىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— خىيالىم خاتا بولۇپ چىقتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— دېمەك، كېچىنىڭ گۈزەللىرى ئەمەسكەنسەن.

ئاسلى چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى، ئاسلىينىڭ كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك چىرايلىق بىر قىز دوستى بولۇپ، سۆيگۈنى ئۇنىڭغا: «خاپا بولمىغىن، مېنىڭ پەقەت كېچىدىكى ھەۋىسىمنى قاندۇرىدىغانلارنى تاپقۇم يوق ئىدى !» دېگەن چېغىدا ئەر زاتىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاياللارمۇ كۆپىنچە ھاللاردا بىرەر ئەردىن ئايرىلىش ئۈچۈن «سەن تېخىمۇ ياخشىلارغا لايىقسەن، مەن ساڭا ماس كەلمەيمەن، ياكى ساڭا ئاشىق بولۇپ ئايرىلالماي قېلىشىمدىن قورقىمەن» دەپ ئۆزىنى ئۈچۈرغان

ئەركەكلەرنى يولغا سېلىپ قوياتتى.

— ساڭا رەھمەت ! — دېدى ئاسلى.

— راستلا، بەزىدە ئاخشاملىرى كېچىلىك بەزمىخانىلاردا كۆرگەن بىرەر ئايالنى ئەتىگەنلىكى تونۇمايلا قالىسەن، گىرىملىرى، چاچلىرى، كىيىملىرى بىلەن شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنىدۇ. كۆكسى يوقلار يوغىنىتىدىغاننى تاقايدۇ، كالپۇكى كىچىكلەر لەۋ سۇرۇخى سۈرىدۇ، چېچى قىسقىلار ئۇلايدۇ... شۇڭلاشقا «كېچىدە مومايمۇ قىز كۆرۈنىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن، — دېدى سىنان.

ئاسلى بۇ چىرايلىق لەۋلىك ئەرنىڭ بۇ گەپلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ بېقىشنى ئويلىدى.

— گىرىم قىلسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ سىلەرمۇ ئاغزىڭلاردا گىرىمسىز قىزلارنى ياخشى كۆرىمىز دېگىنىڭلار بىلەن، ئۆلگۈدەك گىرىم قىلىۋالىدىغان گۈزەللەرگە تازا ئامراقتۇ؟

— سەن توي قىلىشقا ئالدىرامسەن؟ — دەپ سورىدى سىنان ئاسلىينىڭ گېپىگە قاقاھلاپ كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن.

— نېمە؟ نەدىن چىقتى بۇ گەپ ئەمدى؟ — دېدى ئاسلى سىنانغا قاراپ.

ئۇ «بۇ ئادەم ساراڭمۇ نېمە؟ خۇدايىم ھەرگىز ئۇنداق بولمىسۇن !» دەپ ئىتتىكلا دۇئا قىلدى.

— بوينۇڭغا ئېسىۋالغان مېدالىيوندىكى سېرىنگۇللەرگە قاراپ ...

ئاسلى ئۆتكەن يىلى بودرۇمدىن ئالغان مېدالىيونغا قارىدى، كۆك تاشلارنىڭ ئارىسىغا قۇرۇتۇلغان سېرىنگۇل قويۇلغانىدى.

— نېمە بوپتۇ ؟

— بىزنىڭ تەرەپتە توي قىلىش ئالدىدىكى قىزلار بويۇنلىرىغا سېرىنگۇل ئېسىۋالىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ نېمىشقا؟

— مېنىڭچە، ئادەم بەدىنىدىكى ھورمونلار بىلەن ياكى پۇرىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى

مۇمكىن... كېلىن قىز ھامامغا بارغىنىدا ئۇچىسىدىكى ھەممە نەرسىنى سېلىۋېتىپ، پەقەت مېداليونىنى قالدۇرۇپ قويۇپ يۇيۇنارمىش، پۇرىقى بەدەنگە سىڭسۇن دەپ ...

ئاسلىي سىنانىنىڭ تەشنالىق بىلەن بېقىشلىرىغا پىسەنت قىلمىغان قىياپەتتە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

— ئۇنداقتا، توي قىلىشقا ھازىر بولمىغان قىزلار نېمە تاقايدۇ ئەمىسە؟

— ھەر خىل ئۇرۇقلارنى ... بۇ كۆچمەن خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپ، بىر يەردە ئۇزۇن تۇرالمىغانلىق سەۋەبىدىن ئۇزلىرى ئۇچۇن قىممەتلىك ھېسابلىنىدىغان ئۇرۇقلارنى ياش قىزلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇپ، كۆچۈپ بارغان يەرلىرىگىچە بىللە ئېلىپ بارىدىكەن.

پاراڭلار ئاسلىينىڭ كۆڭلىگە يېقىۋاتاتتى، ئۇ قەھۋە دەملەش ئۇچۇن ئاشخانىغا كىردى ۋە قەھۋە چۆگۈنىگە قارىغاچ مېھمانخانىدىكى سىنانغا گەپ قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۇنداقتا، توي قىلغانلار نېمە تاقايدىكەن؟

جاۋاب مېھمانخانىدىن ئەمەس، ئارقىسىدىنلا كەلدى، سىنان بىر تەرەپتىن ئاسلىينىڭ بويىنغا سۆيگەچ، بىر تەرەپتىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— باللىق بولغانغا قەدەر سېرىنگۈل تاقاۋېرىدۇ، كېيىن قەبىلىنىڭ بىر خىل ئوتى بولۇپ ئۇنى ئېسىۋالىدۇ ... ئانىسى بىر يەرگە كەتكەندە بۇ ئوتنى بالىسىنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويىدۇ، ئانىسى بالىسىنىڭ ھەر دائىم يېنىدىن ئايرىلمايدۇ دىگەن مەنىدە.

ئاسلىي سىنانىنىڭ سۆزلىرىدىن، قاراشلىرىدىن شۇ تاپتا مېداليونىدىن باشقا ھەممىنى سالدۇرۇۋېتىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭسىزمۇ ئاسلىينىڭ قەلبىدە سىنانغا نىسبەتەن بىر ئۈمىد پەيدا بولغانىدى، يەنى باشقىدىن بىرسىگە ئاشىق بولىدىغان كىچىك بىر ئوت يالقۇنى ... ئۆزىمۇ بۇ ئۈمىدنىڭ روياپقا چىقىشىنى خالايتتى، چۈنكى ئۆمەردىن قۇتۇلۇپ چىقىشى ئۈچۈن بۇ بىردىنبىر تاللىشى ئىدى. كونا ئاشىقلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر ئاشىقلىقىنى باشلاش، بۇلارنى ئويلاپ ھاياجانلىنىۋاتاتتى. بۇ پەقەت بىر قېتىم چوڭقۇر مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆككەن ئىنسانلا چۈشىنىدىغان بىر خىل شېرىن ھېس - تۇيغۇ ئىدى، شۇ تاپتا يىللاردىن بېرى روھىي ئازابتىن قۇتۇلماقچى بولغان بىرىنىڭ خۇشاللىق دەقىقىلىرى ئىدى؛ ئەمدى روھىنىڭ... ئۇ ئۇزاق ۋاقىت يۈرىكى ئازابلىنىپ ياشاشتىن قۇتۇلۇش ئالدىدا تورغانلىقىدىن يىغلىۋېتەيلا دەۋاتاتتى. يېڭىباشتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيۈشۈشنى، قەلبىدىكى ئاللىبۇرۇن ئۆچۈپ قالغان بىر خىل ھېسنىڭ قايتا ئەۋج ئېلىشىنى خالايتتى ... سىنانىنى قۇچاقلىغاچ چاناقلىرىدا كۆز ياشلىرىنىڭ لىغىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

سۆيمىگەن ۋە سۆيۈلمىگەن بىرى بىلەن يۈرىكىڭىز ئازراقمۇ دۈپۈلدىمەستىن بىللە بولۇش ئادەمنىڭ مەست بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان يەردىن توساتتىن ھوشىغا كەلگەندەكلا بىر ئىش. ئاسلىي ئەمدى ھەممىنى بىلىدىغان، ئوتتۇز ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى، سەگەك ھالدا بىللە بولۇش ئادەمنى ئەسلا مەستخۇش قىلالمايتتى، ئاشىقى ئادىمى بىلەن بىللە بولغاندا ھەقىقىي مەستخۇش بولۇشنىڭ مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. ئاسلىي شۇ تاپتا بىر چۈشتىن كېيىنىنىڭ مەستخۇش ھالەتتە ئۆتۈشىنى خالايتتى. ئۇ قەھۋەنىڭ ئوتىنى ئۆچۈردى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىڭ سوغا چىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئازراقمۇ مەسىلە كۆرۈلمەسلىكىنى تىلىدى.

ئىككىسى ئويغانغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى، ئاسلىي سائەتكە قارىدى، يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئۆمەر بىلەن كۆرۈشەتتى، شۇ

تاپتا ئۆمەر بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئالاقزەدە بولىدىغان ھېچقانداق ئالامەت ئۇنىڭدا قالمىغانىدى. پەقەتلا ئەس - يادىنى يىغىپ سىنان بىلەن قۇچاقلىشىپ ئۇخلاشنىلا خالايتتى.

— ئاخشاملىقتا بىرەر ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى سىنان.

— كەچۈرگىن، بار، بىر تونۇشۇم بىلەن تاماق يېمەكچىدىم، نەچچە كۈن بۇرۇنلا دېيىشىپ قويغانىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ئاسلې.

— كىم بىلەن؟

ئاسلې بۇ قېتىمقى مۇناسىۋېتىنىڭ يالغانچىلىق بىلەن باشلىنىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا راست سۆزلىمەي باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى.

— بۇ بىر ئۇزۇن ھېكايە ... ھامامنىڭ بۇرۇنقى سۆيگۈنى بىلەن.... — دەپ جاۋاب بەردى ئاسلې.

— قانداق گەپ بۇ، ھېچ چۈشىنەلمىدىم، ئادەتتە ھاممىلىرىمىزنىڭ ئېرى بولمامدۇ؟ مېنىڭ بۇنداق سۆيگۈنى بار ھامام بولۇپ باقمىغان، ئۇنداقتا بۇرۇنقى سۆيگۈنى ھاماڭ بىلەن قايتا بىللە بولۇشنى خالامدىكەن؟

— خالىسىمۇ ئەمدى بولمايدۇ، چۈنكى ھامام ئۆلۈپ كەتكىلى يەتتە يىلدىن ئاشتى.

— كەچۈرگىن، مەن بىلمەيدىكەنمەن، ئۇنداق بولسا ياشانغان بىر مويسىپىت بىلەن كۆرۈشمەن دېگىنە ...

ئاسلې گەپ قىلمىدى، قىزىرىپ كەتكىنىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن، بىرنەرسە ئىزدىگەن بولۇپ سافانىڭ ئاستىغا قارىدى، بۇنداق قىلغاندا يۈزىگە قان ھۇجۇم قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، قىزىرىپ كەتكىنى چانمايتتى. بۇ ئۇنىڭ خېلى يىللاردىن بۇيان قىزىرىپ كېتىدىغىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تاپقان ئەڭ ياخشى ئامالى ئىدى.

— بىرەر نەرسەڭنى چۈشۈرۈپ قويدۇڭمۇ؟

— ياق، گىلەمدە قارا بىرنەرسە باردەك كۆرۈندى، قارىسام چىراغنىڭ شولىسى ئىكەن، — دېدى ئاسلې ۋە ئانادەك قىزىرىپ سىنانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

## 23

ئاسلې ئۆمەر بىلەن كۆرۈشمەك ئۈچۈن ماشىنىسىنى ھەيدەپ بالدۇرلا يولغا چىقتى. ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغاچ ئۆزىنى تونۇۋېلىشى ئۈچۈن، ماشىنىسىنى رېستوراندىن خېلى يىراق يەرگە توختاتتى. بەيئوغلىنىڭ يوللىرى سەيلە قىلىپ مېڭىشقا ئانچە ماس كەلمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا يۈزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان ساپ ھاۋا كىشىگە ئارامبەخش ئېتەتتى، مارافونچە يۈگۈرۈشكە چىققان ماھىرلاردەك ئىتتىك مېڭىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، بۇ كوچىدا ئادەملەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشمەي قالايمىقان ماڭماسلىقىمۇ بىر ماھارەت كېتەتتى. يان كوچىلاردا بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ قويۇۋالغان ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇراتتى، بېلىق بازىرىنىڭ ئالدىمۇ مىغ - مىغ ئادەملەر بىلەن جانلىنىپ كېتەتتى، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىدى.

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ئاسلې تۇنجى قېتىم ئۆزىنى شۇنچىلىك كۈچلۈك ۋە بەختلىك ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۆمەرنى كۆرۈشتىن، ئىسمىنى ئاڭلاشتىن قورقۇپ ياشىغان كۈنلىرى ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان بىر نېرۋا كېسەلدەك كۆزلىرى يوللاردا، رېستورانلاردا، قەۋەخانىلاردا، قاۋاقخانىلاردا ئۇنى توختىماي ئىزدەيتتى ... ئەمما، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى بولىدۇ. ھايات دېگەن بۇ نەرسە خىيالىي تۇيغۇنىڭ ئۇزۇكسىز داۋاملىشىشىدىن ئىبارەت ئىكەن. ياشىغانلىرىڭ ۋە بېشىڭدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشلار سېنىڭ كۆرگەن - ئەتكەنلىرىڭگە قاراپ مەنىسىنى

ئۆزگەرتمىدۇ. مۇتلەق ياخشى ـ يامان ياكى توغرا ـ خاتا دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەسقۇ؛ پەقەتلا سىنىڭ شۇ پەيتتە ياشىغان ئورنۇڭلا مەۋجۇتتۇر. سەن ئورنۇڭنى ئالماشتۇرغانچە كۆزقارىشىڭمۇ ئۆزگىرىپ، ياخشىلىقلار يامانلىققا، خاتالىقلار توغرىغا قايتىشقا باشلايدۇ. تۆۋەندىن قارىغىنىڭدا چوڭ كۆرۈنگەن نەرسىلەر يۇقىرىدىن قارىغىنىڭدا كىچىكلەيدۇ، بولمىسا كۆرگەن ھەممە نەرسەڭ ئۆز ئەسلى بويىچە ئۆزگەرمىگەن بولاتتى. بىر كىشىنىڭ سۆيگۈنىنىڭ دوستى بولساڭ بىر خىل، ئايالىنىڭ دوستى بولساڭ بىر خىل چۈشىنىسەن ... نورمال شارائىتتا ئەڭ رەنجىتكەن بىر ئىشنى كىنولاردا كۆرسەڭ كۆز ياش تۆكىسەن، چۈنكى سەن ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ئويلايسەن. ھالبۇكى بىر ئاشىقنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭدا كۆزۈڭگە ھەرگىزمۇ ئۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىغۇ سەنمۇ شۇ ئۆزۈڭ، ئۇمۇ ئوخشاش ... پەقەت چىراغ نۇرىلا ئوخشاش ئەمەس. بىشاڭ ئەڭ قاتقان ئىشنى ھېچكىممۇ ئۆزگىلەرنىڭ نەزىرىدىن كۆرەلمەسلىكى، ئويلىماسلىقى ئېنىق. ئۇتمۇشىمىز، بۇگۈنىمىز، خىياللىرىمىز، ئازابلىرىمىز، ئارمانلىرىمىز، كۆڭۈلسىزلىكلىرىمىز ۋە ياكى مەلۇم بىر تۇرلۇك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەتىشى مۇمكىن. ھېچقانداق مۇتلەق ھەمدە روشەن بولغان نەرسە يوق.

ئاسلى ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋېلىپ، رېستوراندىن كىرگىچىمۇ ھاياجانلانمىدى، پۇتلىرىمۇ تىترىمىدى، يۈزىمۇ قىزارمىدى. شۇ تاپتا پەقەت ئارزۇ قىلىدىغىنى ئۇنى ياخشى كۆرمەسلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش ۋە بۇ يەردىن چىقىپ سىنان بىلەن يېڭى بىر ھاياتنى باشلاشلا ئىدى.

رېستوراننىڭ چوڭ زالى مودا كىيىنگەن ئېسىلزادىلەر بىلەن تولغانىدى، ئۇ ئادەم كۆپ قەھۋە رايوندىن تەسلىكتە ئۆتۈپ، غىزالىنىش بۆلۈمىگە كىرىپلا ئۆمەرنى كۆردى. ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى كىشىلىك ئۈستەلدە سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئاسلى ئۇنى كۆرۈپلا خۇددى يەنىلا ئايرىلمىغاندەك ھېس قىلدى، شۇ ئەسنادا ئۆمەر ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئۇچراشتى، ئاسلى ئۇنىڭغا سالام قىلدى ۋە بىر خىل ئىشەنچ بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يەنىلا شۇنداق گۈزەل تۇرۇپسەن، — دېدى ئۆمەر ئاسلىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ.

— يەتمىش يېشىمدا كۆرگىنە ... — دېدى ئاسلى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ.

ئۆزىنى خېلى راھەت ھېس قىلغان ئاسلى تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چەكتى.

— سېنى بىرنەرسىلەرنى باھانە قىلىپ كۆرۈشمەمدىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى ئۆمەر.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن؟ كونا دوستۇم بىلەن تاماق يەيدىغان تۇرسام ... مانا، كەلدىمغۇ؟

— بۇ يەرگە كونا دوستلار بىلەن تاماق يېگىلى كەلمىگىنىمىز ئىككىلىمىزگە ئايان، — دېدى ئۆمەر خاپا بولغاندەك.

ئاسلى ئىچ ـ ئىچىدىن كەلگەن ئاچچىقىنى زورغا بېسىۋالدى، بۇ ئادەمنىڭ تەكەببۇرلۇقى نەچچە يىلدىن بۇيان پەقەت ئۆزگەرمىگەنىدى، ئاسلى مۇلازىمەتچىنىڭ ھاراقنى قويۇپ بولۇشىنى ساقلىدى.

— ئۇنداق بولسا بۇ يەرگە كونا دوستۇم بىلەن تارتىشقىلى كەلدىم.

— ئۇنداقتا، ساڭا بىر تەۋسىيەم بار، بۇنىڭدىن كېيىن بىر ئادەم بىلەن تارتىشقىلى كەلگىنىڭدە، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن قورقما بولامدۇ! — دېدى ئۆمەر ئاسلىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ.

ئاسلى ئۇنى بۇنداق دەيدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

# بىر ئائىلە كىشىلىرى

موپاسسان (فىرانسىيە)

مەسئۇد خالىد تەرجىمىسى

نېيولىنغا بارىدىغان پويىز يېڭىلا مايو دەرۋازىسىدىن ئۆتتى ـ دە، سېينا دەرياسىغا تۇتاشقان دەرەخلىك چوڭ يولنى بويلاپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. پاراۋوز ۋاگونلارنى سۆرىگىنچە گۈدۈك چېلىپ، يولنى توسۇۋالغان ئادەملەرنى، ئات ـ هارۋىلارنى چەتكە قوغلايتتى، ئۆپچۆرىگە هور پۈركۈيتتى، خۇددى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈۋاتقان تەنهەرىكەتچىدەك هاسىراپ ـ هۆمۈدەيتتى. پورشېنلار گويا هەرىكەتلىنىۋاتقان ئىككى تۆمۈر پۇتتەك تاراقلىغىنىچە ئالدىغا قاراپ ئالدىراپ قەدەم تاشلايتتى. ئەتراپنى ياز كۈنىدىكى گۈگۈم پەيتىنىڭ تىنچىق هاۋاسى قاپلىغانىدى. ئىسسىق هۆپۆلدەپ تۇراتتى. گەرچە شامالدىن ئەسەر بولمىسىمۇ، هاك چېكىدەك ئاپپاق ۋە قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلۈپ ئادەمنىڭ گېلىنى ئېچىشتۇراتتى. چاڭ ـ توزان ئادەملەرنىڭ نەملەشكەن بەدىنىگە چاپلىشاتتى، كۆزلىرىگە كىرەتتى، هەتتا ئۆپكىسىگىمۇ كىرىۋالاتتى.

نۇرغۇن كىشىلەر سەگىدەش ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن چىقىپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇشاتتى.

ۋاگونلارنىڭ دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلگەن، پويىز ئىنتايىن تېز كېتىۋاتاتتى، دېرىزە پەردىلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى. ۋاگون ئىچىدە بىرنەچچە ئادەملا قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سېمىزغىنا كەلگەن بىرنەچچە خوتۇن ئولتۇراتتى. ئۇلار ئانچە پۇزۇر كىيىنمىگەن بولسىمۇ، بەكلا تەكەببۇر كۆرۈنەتتى. شۇغىنىسى، شەهەر ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە تەبىقىسىگە تەۋە بۇ خوتۇنلاردا ئېسىلزادىلەرگە خاس سالاپەت يوق ئىدى. ئۇلاردىن باشقا ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشخانىدا ئىشلەش دەستىدىن هېرىپ ـ چارچاپ چىرايلىرى سارغايغان، بەللىرى مۈكچەيگەن بىرنەچچە ئەر كىشىمۇ ئولتۇراتتى. كۆپ يىل ئۇستەلگە ئېڭىشىپ ئىشلەش تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ بىر مۈرىسى ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئەنسىز، خاپىغان چىرايىدىن قولىنىڭ قىسقىلىقى، ئائىلىۋى تۇرمۇشىدا غەم ـ غۇسسىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆتمۈشتىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئاللىقاچان كۆپۈككە ئايلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئىشى ئوڭدىن كەلمەي چۈشكۈنلەشكەن نامراتلار قوشۇنىغا تەۋە بولۇپ، پارىژنىڭ ئەتراپىدىكى ئەخلەت تۆكىدىغان داللارغا گەج تاختىلىرى بىلەن سېلىنغان نېپىز ئۆيلەردە مەززىسىز تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە گۈللۈك ئۇلارنىڭ باغچىسى هېسابلىناتتى.

ئىشىككە يېقىنلا يەردە پاكار ۋە سېمىز بىر ئەر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈچىسىغا قارا كىيىم كىيگەن، ئوردېن لېنتىلىرىنى ئاسقان بولۇپ، قورسىقى پۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى، يۈزلىرى ئىششىق كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. قارشى تەرەپ ئورۇق، ئېگىز كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇستىبېشىدىن چۈشكۈنلۈك چىقىپ تۇراتتى. بېشىغا كونىراپ كەتكەن پاناما چىغ شىلەپىسى كىيىۋالغان، ئۈچىسىدىكى ئاق كەندىر رەختتىن تىكىلگەن كىيىمى كىرلىشىپ قاسماقلىشىپ كەتكەنىدى. پاكار، سېمىز كىشى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇدىر ئەزاسى كاراۋان ئەپەندى ئىدى. ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەيتتى، دۇدۇقلايتتى، بەزىدە گاچىلىشىپمۇ قالاتتى. ئورۇق، ئېگىز كىشى ئىلگىرى بىر سودا كېمى-

۱

سىدە سانىتار بولغان، كېيىنچە گۇربۇۋا مەيدانىنىڭ يېنىدا تىجارەت قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاھانكەزدىلىك قىلىپ توپلىغان يالغان ـ ياۋىداق تېببىي بىلىمگە تايىنىپ، شۇ يەردىكى نامراتلار ئارىسىدا دوختۇرلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى شىناي ئىدى، لېكىن باشقىلاردىن ئۆزىنى «دوختۇر» دەپ ئاتاشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى توغرۇلۇق ھەر قىسما گەپلەر تارقالغانىدى.

كاراۋان ئەپەندى ئەزەلدىن تارتىپلا دۆلەت مەمۇرلىرىغا خاس ئۆلچەملىك تورمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئادەتتىكىدەكلا خىزمەتكە باراتتى. يەنىلا شۇ يولدىن ماڭاتتى، شۇ ۋاقىتتا يەنىلا شۇ يەرگە باراتتى. ئىشخانىدا يەنىلا شۇ چىرايلارنى كۆرەتتى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن يەنىلا شۇ يول بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. يەنىلا ئۆزى كۆرۈپ تۇرغان قېرى چىرايلارنى ئۇچرىتاتتى.

ئۇ ھەر كۈنى سايىنت ھونېرى رايونىنىڭ دوقمۇشىدا بىر سو خەجلەپ گېزىت ۋە ئىككى بولكا سېتىۋالاتتى ـ دە، مىنىستىرلىققا كىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كەيپىياتى خۇددى ئۆزىنى مەلۇم قىلغان جىنايەتچىنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇ شاپاشلىغىنىچە ئىشخانىغا كىرەتتى، تەشۋىشلىنىپلا يۈرەتتى. قاچانلا بولسۇن، بىرەر ئىشقا بىپەرۋالىق قىلىپ، تەنبىھ ئاڭلاشتىن ئەنسىرەپلا تۇراتتى.

ئۇنىڭ زېرىكىشلىك تورمۇش قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان بىرەر ۋەقەمۇ يۈز بەرمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۆلۈمدىكى دەرىجە ئۆستۈرۈش، مۇكاپات تارقىتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولمايتتى. ئۇ ئىدارىدە ياكى ئائىلىدە (ئۇ ھېچقانداق تويلۇقنىڭمۇ غېمىنى قىلماستىن، بىر خىزمەتدىشىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنىدى) بولسۇن، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن باشقا ھېچقانداق گەپمۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ مىنىستىرلىققا ئالاقىدار بولمىغان ئوي ـ خىيالى، ئارزۇ ـ ئۈمىدىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، بىر ئىش يادىغا كەلسە قاتتىق بىئارام بولاتتى. ئۇ بولسىمۇ دېگىنى ئارمىيە ھەربىي لاۋازىمات مەنسىپى ئىدى. چۈنكى، كومۇش رەڭ لېنتا تاقاپ «تونىكچى» دەپ ئاتالغانلار مىنىستىرلىققا كىرىش بىلەنلا مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ياكى بۆلۈم باشلىقى بولالايتتى. ئۇ ھەر كۈنى كېچىلىك تاماق ۋاقتىدا ئۆزى بىلەن بىر سەپتىكى خوتۇنىغا پارىژدىكى مەنسەپلەرنى دېگىنىزدا سەپەر قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئادەمگە بېرىشنىڭ قايسى جەھەتتىن بولسۇن، زادىلا ئادىللىق ھېسابلانمايدىغانلىقى ھەققىدە ئورۇنلۇق دەلىللەرنى كۆرسىتەتتى.

ئۇنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. لېكىن، ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدى. چۈنكى، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىن چىقىپلا ئۇدۇل ئىشخانىغا كىرگەن، بۇرۇنقى ئوقۇتۇش نازارەتچىسى ھازىر ئۇنىڭ تازىمۇ قورقىدىغان باشلىقى بولۇپ قالغانىدى. ئاشۇ زالىم ھۆكۈمدارنىڭ بوسۇغىسىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك باساتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ بىئارام بولاتتى، باشقىلار بىلەن پەس ئاۋازدا گەپلەشەتتى، ھەتتا گاچىلىشىپ قالاتتى. بۇنى ئۆزۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان ۋەھىمىلىك پىسخىكا كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ئۇ پارىژنى ھەر كۈنى ئىت يېتىلىۋېلىپ، يەنىلا شۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدىغان قارىغۇدىنمۇ بەكرەك چۈشەنمەيتتى. ھېلىقى بىر نۇسخىسى بىر سوغا كېلىدىغان گېزىتلەردىن ئوقۇۋالغان ئاللىقانداق چوڭ ئىشلار ۋە سەتچىلىكلەرنىمۇ ئويدۇرما ۋەقەلەر، خادىملارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن توقۇلغان نەرسىلەر دەپ قارايتتى. ئۇ كونسېرۋاتىپ بولۇپ قائىدە ـيوسۇنلارنى ھىمايە قىلاتتى، بەلگىلىك سىياسىي قارىشى بولمىسىمۇ، بارلىق «يېڭى شەيئىلەر»گە دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. سىياسىي خەۋەرلەرنى ئوقۇماي ئاتلاپ كېتەتتى. چۈنكى، گېزىت دېگەن مەلۇم بىر تەرەپنىڭ پۇلىنى ئالغاندىكىن، شۇ تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى

قاندۇرۇش ئۈچۈن خەۋەرلەرنى بۆرمىلاپ توقۇيدۇ - دە. ئۇ ھەر كۈنى ئېسىل كۆتۈرمە بىنالار كوچىسىنى ياقىلاپ ئۆيگە قايتاتتى. كوچىدىكى تىقما - تىقما ئادەملەر ۋە توختىماي ئۆتۈۋاتقان ھارۋا - ئاپتوموبىللارغا مۇساپىر يولۇچى يىراق بىر يۇرتتا تېڭىرقاپ قالغاندەك نەزەر تاشلايتتى.

ئۇ بۇ يىل بەلگىلىمىدىكى ئوتتۇز يىللىق مەجبۇرىي خىزمەتنى تاماملىدى. ئاينىڭ 1 - كۈنى پەخرىي ئۇنۋان ئىتتىپاقىنىڭ كىرېست ئوردېنىغا ئېرىشتى. بۇ ھەربىيلەشتۈرۈلگەن ئورگاندىكى يېشىل ئارخىپلارغا مىخلىنىۋېتىلگەن گۇناھكارلار ئۇزاق، پاجىئەلىك، مۇشەققەتلىك ئەمگىكى (ئۇنىڭ يەنە بىر چىرايلىق نامى «ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىش») بەدىلىگە ئاشۇ نەرسە بىلەن تارتۇقلىناتتى. بۇ تاسادىپىي مۇكاپات ئۇنىڭدا ئۆز قابىلىيىتىگە قارىتا يېڭى ۋە يۇقىرى تونۇشنى بارلىققا كەلتۈردى، تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيەسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۆزى قاراشلىق «ئۇنۋان ئىتتىپاقى»غا ھەقلىق يوسۇندا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئالا - چىپار شىمى ۋە ھەرەڭ - سەرەڭ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، قارا شىم ۋە ئوردېن لېنتىسىغا تازىمۇ يارىشىدىغان ئۇزۇن مۇراسىم كىيىمى كىيدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن ساقىلىنى قىرىدىغان، تىرناقلىرىنى ياسايدىغان، ئىككى كۈندە بىر كۆڭلەك ئالماشتۇرىدىغان بولدى. قىسقىسى، بىر دومىلاپلا پاكىز، رەتلىك، سالاپەتلىك باشقىچە كاراۋانغا ئايلاندى، ھەتتا باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشلىرىمۇ ئالاھىدە ئەدەپلىك تۈس ئالدى.

ئۇ ئۆيدە ھە دېسىلا «مېنىڭ كىرېست ئوردېنىم» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. باشقىلارنىڭ مەيدىسىگە ئېسىۋالغان ھەرقانداق بىر ئوردېننى كۆرسە تۆت پۇتى ئۆرە قالاتتى. چەت ئەل ئوردېنلىرىنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، «بۇنداق ئوردېننى فىرانسىيەدە تاقاشقا يول قويماسلىق كېرەك» دەپ قاتتىق غەزەپلىنەتتى. «دوختۇر» شىناي ئۇنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغمايتتى. چۈنكى، ئۇ ھەر كۈنى كەچتە پويىزدا «دوختۇر» شىنايغا ئۇچرىشىپ قالاتتى. «دوختۇر» شىناي ھەمىشە ئاق، كۆك، قىزغۇچ سېرىق، يېشىل دېگەندەك ھەرقىسما ئوردېن لېنتىلىرىنى تاقىۋالاتتى.

ئىككىيلەن زەپەر دەرۋازىسىدىن نېيوللىغىچە بولغان يولدا يەنىلا كونا گەپلەرنى قىلىشاتتى. ئۇلار بۈگۈنمۇ كۈندىكىگە ئوخشاشلا شۇ جايدىكى خىلمۇخىل ئىللەتلەر ئۈستىدە پاراڭ قىلىشتى. ئۇلار بۇ ئىللەتلەردىن جاق تويغانىدى. شۇغىنىسى شەھىرىنىڭ باشلىقى بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمايۋاتاتتى. ئارقىدىنلا، كاراۋان دوختۇر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندا دېمىسە بولمايدىغاندەك، گەپنىڭ مەزمۇنىنى كېسەللىكلەرگە يۆتكىدى. ئۇ قۇرۇق پاراڭنىڭ باھانىسىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىكارغا دىياگنوز قويدۇرۇۋېلىپ ئاز - تولا نەپ ئالماقچى بولۇۋاتاتتى. چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گەپنى ئەپلەپ قىلمىسا بولمايتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئانىسىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيتتى. ئانىسى پات - پاتلا ئېسىنى يوقىتىپ، ئۇزاقتا ھوشىغا كېلەتتى. گەرچە ئۇ توقسان ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى زادىلا خالىمايتتى.

كاراۋان ئانىسىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى تىلغا ئالسىلا ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ «دوختۇر» شىنايغا، «شۇنچە كۆپ ياشقا كىرگەن كىشىنى كۆرگەنمۇسىز؟» دېگەن گەپنى يېنىش - يېنىشلاپ دەيتتى ۋە خۇشلىنىپ قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى. ئۇ موماينىڭ ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى خالاپمۇ كەتمەيتتى. شۇغىنىسى، ئانىسىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ئۇنىڭمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى.

— ھى، ھى، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. شۇڭا، جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، بىرەر تاسادىپىي ۋەقە يۈز بەرمىسىلا، مەنمۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمەن.

سانتار ئۇنىڭغا ئېچىنىپ قاراپ قويدى. دەل شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ قىپقىزىل يۈزىگە، تىقىلىپ سەمرىگەن بويىنىغا، مىلىقلاپ تۇرغان يوغان پۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا ساڭگىلىغان باداڭدەك قورسىقىغا، خام سېمىز قېرى خىزمەتچىنىڭ ئاسانلا شامال دارىيدىغان پومزەكتەك بەستىگە سىنچىلاپ كۆز يۇگۇرتتى. ئاندىن بىر قولى بىلەن بېشىدىكى ئاقۇچ كۆل رەڭ پاناما چىغ شلەپىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ سوغۇققىنا كۈلدى:

— ناتايىن، بۇرادەر، ئانىڭىز تولىمۇ ئورۇق، جانابىڭىز بولسا تۇلۇمدەك سېمىز.

كاراۋان بۇ گەپتىن ھودۇقۇپ زۇۋان سۈرەلمەي قالدى.

ھېلىمۇ ياخشى، بۇ چاغدا پويىز بېكەتكە يېتىپ كەلگەنىدى. ھەمسەپەرلەر پويىزدىن چۈشتى، شىناي ئەپەندى ئۇنى ئۇدۇلدىكى يەر شارى قەھۋەخانىسىغا كىرىپ بىر رومكىدىن ئاچچىق ئەمەن ھارىقى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. غوجايىن ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ئۇ ئىككىيلەنگە ئىككى بارمىقىنى چىقاردى — دە، پوكەيدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئالدى. ھەمسەپەرلەر كىرىپ كېتىشتى ۋە چۈشتىن تارتىپ ئويناۋاتقان ئۈچ نەپەر دومىنو مەستانىسىنى ئىزدىدى. ئۇلار بىر — بىرى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى، ئاندىن، «نېمە خەۋەرلەر بار؟» دەپ سوراشتى. ئادەتتە بۇ سوئال كەم بولسا بولمايتتى. دومىنو ئويناۋاتقانلار يەنە ئويناشقا كىرىشتى. ئىككىيلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى. ئاندىن باشلىرىنىمۇ كۆتۈرمەي قول ئېلىشىپ خوشلاشتى — دە، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

كاراۋان گوربوۋا مەيدانىنىڭ يېنىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنادا تۇراتتى. ئاستىنقى قەۋەت ساتىراشخانا ئىدى.

تۇرالغۇدا ئىككى ياتاق، بىر تاماقخانا ۋە بىر ئاشخانا بار ئىدى. بىرنەچچە ئېسىل ئورۇندۇق كېرەك بولغان چاغلاردا بۇ ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە ئاچىقىپ ئىشلىتىلەتتى. كاراۋان خانىم ھەممە ۋاقىتتىنى تازىلىق ئىشلىرىغا سەرپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئون ئىككى ياشلىق قىزى مارى — لۇئىس ۋە توققۇز ياشلىق ئوغلى فىلىپ ئاۋگۇست قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن كوچىنىڭ چېتىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىدە ئويناپ يۈرەتتى.

كاراۋاننىڭ ئانىسى ئۈستۈنكى قەۋەتتە تۇراتتى. موماي قاقشال ئۈستىخاندەك ئورۇق بولۇپ، پىخسىقلىقتا ئەتراپتا داڭق چىقارغانىدى. كىشىلەر ئۇ ھەققىدە «تەڭرىم ئىنچىكە ھېساب قىلىشنى شۇنىڭغىلا بېرىپتىكەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. موماي بەكلا سەپرا ئىدى، تېرىكمەيدىغان، باشقىلار بىلەن دېيىشمەيدىغان كۈنى بولمايتتى. ئۇ ھەمىشە دېرىزىدە تۇرۇۋېلىپ كوچىدىكى يايمىچىلارنى، كۆكتات ساتىدىغانلارنى، تازىلىق ئىشچىلىرىنى ۋە بالىلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. بالىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئەنتىنى ئالاتتى. ئۇ تالاغا چىققان چاغلاردا كەينىدىن، «قېرى دەججال !» دەپ تۇۋلىشاتتى.

نورماندىن كەلگەن، ئادەم ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە بىپەرۋا بىر ئايال خىزمەتكار ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. بىرەر ئەھۋال سادىر بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇچىنچى قەۋەتتە مومايىنىڭ قېشىدا ياتاتتى.

كاراۋان ئۆيگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چېچەن — پاكىزلىقتا ئۇچىغا چىققان خوتۇنى ئۆيىنىڭ ئۇ يەر — بۇ يېرىدە قويۇلغان ياغاق ياغىچىدىن ياسالغان ئورۇندۇقلارنى فلانېس تىۋىتى بىلەن سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇ ھەمىشە قوللىرىغا تىۋىت پەلەي، بېشىغا ئادەتتىكىچە بۆك كىيىۋالاتتى. بۆكىگە رەڭمۇ رەڭ لېنتىلار تىكىلگەنىدى. بۇ بۆك پات — پاتلا سىيرىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالاتتى. كىشىلەر بۇ خوتۇننىڭ نېمىلەرنىدۇر چوتكىلاۋاتقىنىنى، سۈرتۈۋاتقىنىنى، يۇيۇۋاتقىنىنى ياكى ئۇ يەر — بۇ يەرنى سۈپۈرۈۋاتقىنىنىلا كۆرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ، «مەن پۇلدار ئەمەس، ئۆيۈمدىكى نەرسىلەرمۇ

بەكلا ئاددىي، بىراق راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن كۈنلىرىمنى خۇشۋاق ئۆتكۈزۈشنى ئىستەيمەن، پاكىزلىكىم باشقىلارنىڭ ھەشەمەتىدىن قېلىشمايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى.

ئۇ ئەزەلدىن تارتىپلا ئەمەلىيەتچان ئىدى. شۇغىنىسى، ئۆزىنىڭلا گېپىنى يورغىلىتاتتى. ھەممە ئىشتا ئېرىنى بۇرنىدىن يېتىلەيتتى. ئۇلار ھەر كۈنى كەچقۇرۇن تاماق ئۈستىدە، ئاندىن كارىۋاتتا ئىشخانىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭلىشاتتى. خوتۇنى ئېرىدىن يىگىرمە ياش كىچىك ئىدى. لېكىن، ئېرى خوتۇنىنى بەئەينى پوپىتەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچىدىكى ھەممە گېپىنى قىلاتتى، ھەممىلا ئىشتا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرەتتى.

پاكار ۋە ئورۇق بۇ خوتۇن ئەسلىدىلا كۆرۈمسىز ئىدى. ئەمدىلىكتە تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىكى ئازغىنا ئاياللىق خۇسۇسىيەت بىلىنىپمۇ قالاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشتىن زادىلا خەۋىرى بولمىغاچقا، بۇ خۇسۇسىيەت مەڭگۈگە كۆمۈلۈپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ يوپكىسى ھەمىشە بىر چەتكە قىيسايغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇ مەيلى قانداق جاي، ھەتتا جامائەت كۆپ سورۇندا بولسۇن، بىر يەرلىرىنى قاشلاپلا يۈرەتتى. بۇ ئۇنىڭدا غەلىتە بىر ئادەتكە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ياساشقا لايىق كۆرىدىغان بىردىنبىر زىننەت بۇيۇمى ھەمىشە ئۆيدە كىيىۋالغان، چوققىسىغا نۇرغۇن لېنتىلار تىكىلگەن بۆكى ئىدى.

ئۇ ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى ـ دە:

— دوستۇم، پوتىن①غا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ — دەپ سورىدى (بۇ گەپ ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا بىر ئىشنى قىلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى).

ئېرى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا بوشىشىپ ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى تۆتىنچى قېتىم ئۇنتۇپ قېلىۋاتاتتى.

— ماۋۇ ئىشنى قاراڭ، — دېدى ئۇ، — ئەتىگەندىن بېرى ئېسىمدە ئىدى. گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن.

خوتۇنى ئېرىنىڭ مەيۈسلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويدى:

— ئەتە ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولدىغۇ. مىنىستىرلىقتا يېڭى گەپلەر بارمۇ؟

— بار، يەنە كېلىپ چوڭ بىر يېڭى خەۋەر: بىر «تونىكچى» مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

خوتۇنىنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى.

— قايسى بۆلۈمگە؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى.

— تاشقى سېتىۋېلىش بۆلۈمىگە.

— ھوي، بۇ لامونىنىڭ ئورنىغۇ، ئۇ دەل مەن سىزنى تەيىنلىنەرمىكىن دېگەن ئورۇن. لامونچۇ؟ دەم ئېلىشقا چىقتىمۇ؟

— چىقتى، — دېدى كاراۋان بوشقىنا.

كاراۋان خانىم تېرىكىپ چىچاڭشىپ كەتتى. بۆكىمۇ سىيرىلىپ مۈرىسىگە چۈشۈپ قالدى:

— تۈگەشتى ! قاراڭ بۇ لەنىتى ئورۇننى، ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىد قالمىدى. سىز ئېيتقان ئۇ ھەربىي لاۋازىمات ئەمەلدارىنىڭ ئىسمى نېمە؟

— بوناسو.

خوتۇنى ھەمىشە يېنىغا قويۇپ قويىدىغان دېڭىز ئارمىيە يىلنامىسىنى ۋاراقلىدى.

— بوناسو تولۇن، — دەپ ئوقۇدى ئۇ، — 1851 ـ يىلى تۇغۇلغان ... 1871 ـ يىلى پىراكتىكانت ھەربىي لاۋازىمات ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1875 ـ يىلى ياردەمچى ھەربىي لاۋازىمات ئەمەلدارى بولغان.

— ئۇ دېڭىزغا چىقىپ باققانمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاراۋاننىڭ كۆڭلى يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى. خۇشلۇقىدىن قورساقلىرىمۇ تىترەپ

① پوتىن — فىرانسىيەدىكى مەشھۇر يېمەكلىك دۇكىنى.

كېتىۋاتاتتى.

— ئۇ بالاند بىلەن، ئۆزىنىڭ بولۇم باشلىقى بالاند بىلەن بىر قېلىپتىكى نەرسە، — دېدى ئۇ گولقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئاندىن مىنىستىرلىق ـ تىكىلەرنىڭ ھەممىسى كارامەت قاملاشتى دەپ تەرىپلەيدىغان چاقچاقنى ئېيتىپ بەردى:

— ئۇلارنى «سوبھى» پورتىنى كۆزدىن ئۆتكۈزۈشكە سۇ يولى ئارقىلىق ئەۋەتىپ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ موتورلۇق كېمىگە چىقىسىمۇ بېشى قايىدۇ.

شۇغىنىسى، خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك تەرىنى تورۇپلا تۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن ئاستاغىنا ئېڭىكىنى قاشلاپ غودۇڭشىدى:

— بىز بىلەن كۆڭلى يېقىن بىرەر پالاتا ئەزاسى بولسا ياخشى بولاتتى. پارلامېنت ئۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تاپسا مىنىستىر ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاغدۇرۇلاتتى...

شۇ ئارىدا پەلەمپەيدىن ئاڭلانغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى. مارى لۇئىس بىلەن فىلىپ ئاۋگۇست ئېرىقتىكى ئويۇننى توختىتىپ قايتىپ كىرگەنىدى. ئۇلار ھەربىر پەلەمپەيدە توختاپ جېدەللەشكىنىچە يۇقىرىغا چىقىۋاتاتتى. ئانىسى ئۇلارنى كۆرۈپ ھومايغىنىچە يۈگۈرۈپ باردى. ئاندىن بالىلىرىنىڭ بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ سىلكىشلىگەن پېتى ئۇلارنى ئىتتىرىپ ئۆيگە كىرگۈزدى.

بالىلار دادىسىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئېسىلىشتى. دادىسى ئۇلارنى مېھرى بىلەن ئۇزاققىچە سۆيدى. ئاندىن تىزلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

فىلىپ ئاۋگۇست تولىمۇ كەپسىز ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغانىدى، بېشىدىن ئايىغىغىچە مەينەت بولمىغان بىرەر يېرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، چىرايىدىن گوموشلۇق چىقىپ تۇراتتى. مارى لۇئىس ئانىسىغا بەكلا ئوخشايتتى، گەپ قىلىشلىرىمۇ ئانىسىنى تارتقانىدى، ھەربىر گېپىدە ئانىسى دورايتتى، ھەتتا قوللىرىنى شىلتىشلىرىمۇ ئانىسىنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

— مىنىستىرلىقتا نېمە گەپلەر بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

دادىسى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ جاۋاب بەردى:

— تاتلىق قىزىم، ھەر ئايدا بىزنىڭكىگە كېلىپ مېھمان بولىدىغان ھېلىقى دوستىڭىز لامون بىزدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر مۇئاۋىن باشلىق كەلدى.

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا قارىدى. ئاندىن بالدۇر يېتىلگەن قىزلاردىلا بولىدىغان ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدا ئېيتتى:

— ئەمىسە يەنە بىرى سىزنىڭ شىللىڭىزگە دەسسەپ ئۇسۇپتۇ ـ دە.

دادىسى كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئۈنچىقمىدى. ئاندىن گېپىنى يۆتكەپ دېرىزە سۇرتۇۋاتقان خوتۇنىدىن سورىدى:

— ئانام ئۇستۇنكى قەۋەتتىمۇ؟

كاراۋان خانىم دېرىزە سۇرتۇشتىن توختاپ بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە سىيرىلىپ دومبىسىگە چۈشۈپ قالغان بوكىنى يېڭىباشتىن كىيىۋېلىپ، كالپۇكلىرىنى تىترەتكىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— ھە، راست! ئانىڭىزنىڭ گېپىنى قىلايلى! ئۇ مەن بىلەن بىر قەپەس ئويۇن ئوينىدى! ئويلاپ بېقىڭا، ساتىراشنىڭ خوتۇنى لېبودان خانىم مەندىن بىر بولاق كىراخمال ئۆتنە ئالماقچى بولۇپ كىرىپتۇ. مەن ئۆيدە يوقكەنمەن. ئاپىڭىز ئۇنى خۇددى دۈشمىنى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. شۇڭا، مەن قايتىپ كېلىپ مومايىنى ئەدەپلەپ قويدۇم. لېكىن، ئۇ ئادەتتىكىدەكلا، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىمىغان بولۇپ تۇرۇۋالدى. راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ قۇلىقى مېنىڭكىدىنمۇ ناچار ئەمەس، شۇنداققۇ؟ ئۇ خۇپسەنلىك قىلدى. بۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۆزى

ئىسپات.

كاراۋان گەپمۇ قىلمىدى. ئۇ بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا ئايال خىزمەتكار كىرىپ كېچىلىك تاماقنىڭ تەييار بولغىنىنى ئېيتتى. كاراۋان ھەمىشە بۇلۇڭغا يۆلەكلىك تۇرىدىغان ھويلا سۈپۈرگىسىنى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ سېپى بىلەن تورۇسنى ئۈچ قېتىم نوقۇپ، ئانىسىغا پەسكە چۈشۈپ تاماق يېيىشنى ئۇقتۇردى. ئاندىن ئۇلار تاماقخانىغا كىرىشتى. كاراۋان خانىم شورپىنى ئۇسۇپ موماينىڭ چىققىشىنى ساقلىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، شورپىمۇ سوۋۇپ قالدى. موماي تېخىچە چۈشمەيۋاتاتتى. باشقىلار تاماق يېيىشكە باشلىدى. قاچىلاردىكى شورپا ئىچىلىپ بولدى. ئۇلار يەنە كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. كاراۋان خانىمنىڭ جەھلى چىقتى.

— ئۇ چاتاق تېرىيمەن دەۋاتىدۇ. سىز بۇنى بىلىسىز. لېكىن، يەنە شۇنىڭغا يان باسىسىز، — دېدى ئۇ ئېرىگە زەھرىنى چېچىپ.

كاراۋان ئەپەندى تەڭقىسلىقتا قالدى. نېھايەت، مارى لۇئىسنى مومىسىنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. خوتۇنى تېرىكىپ پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن قەدەھنىڭ پۇتىغا ئۇردى. كاراۋان بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىممىدە ئولتۇرۇۋالدى.

ئىشىك توساتتىن ئېچىلىپ كەتتى. قىزى ئۆزى يالغۇز قايتىپ كىرگەنىدى. ئۇ ھاسىرايتتى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— مومام پولغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، — دېدى ئۇ ھودۇققىنىچە.

كاراۋان دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە سالفېتكىنى ئۈستەلگە تاشلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. پەلەمپەيلەردىن ئۇنىڭ ئېغىر ۋە جىددىي ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. خوتۇنى قېيىنئانىسىنى يەنە بىر ئويۇن ئويناۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ، مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى ـ دە، ئېرىنىڭ كەينىدىن ئالدىرىماي ئۈستۈنكى قەۋەتكە ماڭدى.

موماي يۈزىنى پەسكە قىلىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئوغلى ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۆرۈدى. موماينىڭ يۈزىدىن ھاياتلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. قورۇلۇپ كەتكەن يۈز تېرىلىرى ئەيلەنگەندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلۇپ چىشلىرى كىرىشكەن، قورۇپ يىرىكدەپ قالغان بەدىنى ئاللىقاچان قېتىپ قالغانىدى.

ئانىسىنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان كاراۋان ئېچىنىشلىق ئىڭراپ، توۋلايتتى:

— ۋاي ئانام، بىچارە ئانام!

شۇغىنىسى، كاراۋان خانىم مومايغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن كېسىپلا ئېيتتى:

— بولدى قىلىڭ، ئۇ يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ، باشقا چوڭ ئىش يوق، خاتىرجەم بولۇڭ، بىر ۋاق تاماقىمىزلا كېچىكىپتۇ شۇ.

ئۇلار مومايىنى كارىۋاتقا ئېلىپ كېيىملىرىنى سالدۇردى. كاراۋان، خوتۇنى ۋە ئايال خىزمەتكار بىرلىكتە ئۇنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلىدى. لېكىن، ئۇلار ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايال خىزمەتكارنى شىناي «دوختۇر»نى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى ناھايىتى يىراق بولۇپ، سولېناغا يېقىن دەريا بويىدا ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئۇزاقتا كەلدى ۋە مومايىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. تومۇرىنى تۇتتى، يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى، ئاندىن:

— تۈگەپتۇ، — دەپ جاكارلىدى.

كاراۋان ئەپەندى ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى سىلكىنەتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ قان دىدارى قالمىغان يۈزىگە ھە دەپ سۆيەتتى. تولىمۇ ئېچىنارلىق يىغلايتتى، مونچاقتەك ياش تامچىلىرى مېيىت يۈزىگە تامچىپ چۈشۈۋاتاتتى. كاراۋان خانىممۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا كۆز يېشى قىلغان بولدى، ئاندىن قەددىنى رۇسلىدى ـ دە، ئېرىنىڭ كەينىدە تۇرۇۋېلىپ غىڭشىغىنىچە ھە دەپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى.

يىغىدىن كاراۋاننىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى، شالاڭ چاچلىرى چۇۋۇلدى، ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان قايغۇدىن چىرايى

سەتلىشىپمۇ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— لېكىن... سىز جەزملەشتۈرەلەمسىز؟ دوختۇر، راستلا جەزملەشتۈرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

سانتار ئالمان ـ تالمان مېيىتنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئەپلىك ۋە چاققان ھەرىكەتلىرى بىلەن مېيىتنى ئۆرۈپ ـ چۆرگەندىن كېيىن بەئەينى مېلىنى ماختاۋاتقان سودىگەردەك قىياپەتتە ئېيتتى:

— قاراڭ، بۇرادەر، مانا كۆزلىرىگە قاراڭ.

ئۇ مومايىنىڭ قاپىقىنى ئۆرۈدى. سانتارنىڭ قولى ئاستىدا مومايىنىڭ كۆز قارىچۇقى كۆرۈندى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈنمەيتتى. شۇغىنىسى سەللا چوڭىيىپ قالغانىدى. كاراۋاننىڭ يۈرىكىگە پىچاق ئۇرۇلغاندەك بولدى، قورقۇنچتىن بەدىنىمۇ شۈركۈنۈپ كەتتى. شىناي ئەپەندى مومايىنىڭ ئېگىلىپ تۇرغان بىلىكىنى تۇتۇپ، بارماقلىرىنى كۈچەپ ئاچتى ۋە مۇنازىرىلىشىۋاتقان رەقىبىگە ھەيۋە قىلغاندەك ئېيتتى:

— مانا بۇ قولنى قاراڭا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھەرگىز خاتالاشمىدىم.

كاراۋان يەنە ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ نالە ـ پەرياد كۆتۈردى. خوتۇنى بىر چەتتە يىغلىغان بولۇۋېلىپ مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تومپۇچكىنى يۆتكەپ ئۈستىگە سالفېتكا يايتى، ئاندىن تۆت تال شام قويۇپ ياندۇرۇپ قويدى. تام مەشنىڭ تاكچىسىدىكى ئەينەكنىڭ كەينىگە ئېسىپ قويۇلغان سەمشىت دەرىخىنىڭ شېخىنى ئەكېلىپ شاملارنىڭ ئارىسىدىكى تەخسىگە سالدى. مۇقەددەس سۇ بولمىغاچقا، تەخسىگە لىپمۇلىق سۈزۈك سۇ قويۇپ قويدى. ئاندىن ئويلىنىپ تۇرۇپ سۇغا بىر ئۇچۇم تۇز سەپتى، دۇئا ـ تىلاۋەت مۇراسىمى شۇنىڭ بىلەن توگىگەن بولدى.

خوتۇن جەبرائىل كەلگەن چاغدا بولۇشقا تېگىشلىك سورۇننى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن قىمىرلىماي قېتىپ تۇردى. دەل شۇ چاغدا باياتىن ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن سانتار:

— ئەڭ ياخشىسى كاراۋاننى ئاچچىقىپ كېتىڭ، — دەپ پىچىرلىدى.

كاراۋان خانىم بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تېخىچىلا بايىقى يەردە يۈكۈنۈۋېلىپ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان ئېرىنىڭ قېشىغا كەلدى. شىناي دوختۇر ئىككىسى ئۇنىڭ قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ سىرتقا ئاچىقىپ كېتىشتى.

ئۇلار ئالدى بىلەن كاراۋاننى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. خوتۇنى ئېرىنىڭ پېشانىسىگە توختىماي سۆيۈپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. سانتارمۇ بىر چەتتە تۇرۇپ دوست تارتىشتى، كاراۋانغا قەيسەر، غەيرەتلىك بولۇش، تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن قارشىلاشماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئارقىدىنلا، ئۇلار يەنە كاراۋاننى يۆلىشىپ تالاغا ئاچىقىپ كېتىشتى.

كاراۋان كىچىك بالىدەك يىغلىمسىرايتتى، تۇتقاقلىقى تۇتقاندەك ئېسەدەيتتى، ماغدۇرسىزلىنىپ قوللىرى ساڭگىلىغان، پۇتلىرى بوشاشقانىدى. ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، پۇتلىرىنى ئىختىيارسىز يۆتكەپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار كاراۋاننى ئادەتتە تاماق يېگەندە ئولتۇرىدىغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇشتى. ئالدىدا شورپىسى ئازلا قالغان



قاچا تۆراتتى، قوشۇق تېخى تۇگىمىگەن شورپىغا چىلاقلىق ئىدى. كاراۋان شۇ يەردە قەدەھكە تىكىلگىنىچە قىمىرلىماي ئولتۇرىۋەردى. ئۇ گاڭگىراپلا قالغانىدى، ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى.

كاراۋان خانىم بىر بۆلۈڭدا دوختۇر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى تىڭتىڭلىدى، خىلمۇخىل كونكرېت ئىشلارنى سورىۋالدى. شىناي دوختۇر تېخىچىلا نېمىنىدۇر كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. نىھايەت، ئۇ شلەپىسىنى ئېلىپ تەزىم قىلدى ـ دە، كەچلىك تاماق يېمىگىنىنى ئېيتىپ ماڭماقچى بولدى. خوتۇن شۇ چاغدىلا ئەقلىگە كەلدى.

— ھوي، تېخىچە كەچلىك تاماق يېمىدىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا مۇشۇ يەردە يەڭ دوختۇر، مۇشۇ يەردە يەڭ! تاماق تەييارلا، ھازىرلا ئاچىقىمىز. بىلىسىزغۇ، بىزمۇ ھېچقانچە بىر نەرسە يېيەلمەيمىز.

شىناي «دوختۇر» ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. لېكىن، كاراۋان خانىم ئۇنى بەكلا چىڭ تۇتۇۋالدى.

— ئولتۇرۇڭا، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، — دېدى ئۇ، — باشقا كۈن چۈشكەندە قېشىمىزدا يار ـ بۇرادەرلەرنىڭ بولغىنى چوڭ ئىشتە. ئېرىمغا ئازراق بىرنەرسە يەپ ئەسلىگە كېلىۋېلىشقا نەسىھەتمۇ قىلارسىز. ئۇ ھازىر روھلۇقراق بولۇشقا بەكلا موھتاج.

دوختۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن شلەپىسىنى بىر يەرگە قويدى:

— ئەگەر شۇنداق بولسا، بويسۇنماي ئامالىم يوق، خانىم.

كاراۋان خانىم گاڭگىراپلا قالغان ئايال خىزمەتكارغا نېمىلەرنىدۇر تاپىلىغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ بىرنەرسە يېگەن قىياپەتكە كىرىپ «دوختۇر»غا ئېلىشىپ بېرىۋاتاتتى، خالاس.

سوۋۇپ قالغان شورپا يەنە كەلتۈرۈلدى.

شىناي دوختۇر ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئازراق تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى نۆۋەتتە لىئونچە كالا قېرىنى ئاچىقىلدى. ئۇنىڭدىن پىيازنىڭ مەززىلىك ھىدى كېلەتتى. كاراۋان خانىممۇ تېتىپ باقماقچى بولدى.

— بەكمۇ مەززىلىككەن، — دېدى «دوختۇر».

— راستمۇ؟ — دەپ كۈلۈپ قويدى كاراۋان خانىم ۋە ئېرىغا قاراپ بۇرۇلدى، — سىزمۇ ئازراق يەڭ، قورسىقىڭىزنى بولسىمۇ تويغۇزۇۋېلىڭ، كېچىچە تۈنەيسىز تېخى!

كاراۋان رايىشلىق بىلەن تەخسىنى سۇندى. شۇ تاپتا خوتۇنى ئۇنىڭغا ھازىرلا ئۇخلاشنى بۇيرۇسىمۇ شۇ زامان بەجا كەلتۈرىدىغاندەك قىلاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ھازىر باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالغانىدى. قارشىلىق قىلالمايتتى، ھېچ نەرسىنىمۇ ئويلىيالمايتتى. ئۇ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

«دوختۇر» ئۆزى ھەرىكەتكە كېلىپ، تەخسىگە ئۈچ قېتىم قول ئۇزارتتى. كاراۋان خانىمچۇ، ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا قېرىنلارنى ۋىلكا بىلەن سانجىيتتى ـ دە، قەستەن پەرۋاسىز قىياپەتتە ئاغزىغا سالاتتى.

شۇ ئەسنادا، لىپمۇلىق بىر جاۋۇر ئۈگرە كەلتۈرۈلدى.

— ھوي! بۇ ياخشى نەرسە، — دەپ غودۇڭشىدى «دوختۇر».

كاراۋان خانىم ھەربىرەيلەنگە بىر كىشىلىكتىن ئۈسۈپ بەردى، ھەتتا بالىلارنىڭ كىچىككىنە تەخسىلىرىنىمۇ لىق توشقۇزۇپ قويدى. بالىلارغا قاراشقا ھېچكىمنىڭ چولىسى تەگمەيتتى. ئىككى بالا تەخسىدىكى تامىقىنى باش كۆتۈرمەي سوقۇۋاتاتتى، سۇ قوشۇلمىغان ئۈزۈم ھارىقىدىن ئىچىپ قوياتتى، ئۈستەلنىڭ تېگىدە بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشەتتى.

شىناي ئەپەندى روسسىنىنىڭ① بۇ مەززىلىك ئىتالىيە تامىقىغا ئامراقلىقىنى ئەسلەپ ئۆزىچىلا دەۋېتىپ قالدى:

— قاراڭلار! قاپىيەسىنىڭ قاملىشىپ

① روسسىنى (1792 ـ 1868) — ئىتالىيەلىك ئوپېرا كومپوزىتورى.

كەتكىنىنى، بۇ دېگەن رەسمىي شېئىر ـ دە، ئۇ مۇنداق مىسرالار بىلەن باشلىنىدۇ:

كومپوزىتور روسىنى،
خويمۇ ئىچەر ئۇگرىنى...

ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھېچكىممۇ قۇلاق سالمىدى. كاراۋان خانىم خىيالغا چۆمۈپ قالدى. ئۇ بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقە پەيدا قىلىدىغان تۈرلۈك ئاقىۋەتلەر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېرىچۇ، بولكىدىن ئۇششاق شارچىلارنى ياساپ ئۈستەلگە قوياتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا گومۇشلارچە تىكىلىپ ئولتۇراتتى، گېپى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇزۇم ھارىقىنى توختىماي ئىچەتتى. ئۇنىڭ زەربە ۋە قايغۇدىن گاراڭلاشقان كاللىسىدا لەيلەۋاتقاندەك تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى. ھېلىلا باشلانغان جاپالىق ھەزىم قىلىش جەريانىنىڭ تەسىرىدىن بېشى قېيىۋاتقاندەك قىلاتتى.

«دوختۇر»چۇ، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىۋاتاتتى، ئۇ مەست بولۇپ قالغانىدى. روھىي داۋالغۇش كاراۋان خانىمغىمۇ تەسىر قىلغانىدى. ئۇ ھاياجانلىناتتى، تىت ـ تىت بولاتتى. سۇ ئىچمۇېتىپمۇ بېشى قېيىۋاتاتتى.

شىناي ئەپەندى مۇسىبەت ئىگىلىرىدە بولۇۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق گەپ باشلىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى تولىمۇ بىمەنىلىك دەپ قارايتتى. چۈنكى، پارىژنىڭ بۇ شەھەر ئەتراپى رايونىدا سىرت ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئاھالە بەكمۇ كۆپ ئىدى. سەھرالىقلارنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ئۆلسىمۇ بىپەرۋالىق، بىھۆرمەتلىك قىلىۋاتقىنى ئۇچرايلا تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان دەرىجىدە رەھىمسىز ۋە ھېسسىياتسىز ئىدى. بۇنداق ئىشلار سەھرادا قەدەمدە بىر يولۇقاتتى، پارىژدا بولسا بەكمۇ ئاز كۆرۈلەتتى.

— قاراڭلار، — دېدى شىناي ئەپەندى، — ئۆتكەن ھەپتىدە پىتو كوچىسىدىكى بىرەيلەن مېنى چاقىرىپ كەپتۇ. دەرھال يېتىپ باردىم. قارىسام، بىمار ئاللىقاچان ئۆلگەنىكەن. ئۆيدىكىلەر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئارپىبەدىيان ھارىقى ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار بۇ ھاراقنى سەكراتتىكى بىمارنىڭ خۇمارىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر كۈن بۇرۇن كەچتە ئەكەلگەنىكەن.

شۇغىنىسى، بۇ گەپلەر كاراۋان خانىمنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ ئەس ـ خىيالى مىراستىلا قالغانىدى. كاراۋاننىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ھەتتا شىناي ئەپەندىنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيتتى.

قەھۋە كەلتۈرۈلدى، ئۇيقۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قېنىق دەملەنگەنىدى. بىراندى قوشۇلغان قەھۋە ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قىزىللىق يۈگۈرتتى. تېڭىرقىغان كاللىلاردىكى ئازغىنا تەپەككۇرنىمۇ مالىماتاڭ قىلىۋەتتى.

بىرپەستىن كېيىن «دوختۇر» كاپلا قىلىپ بىراندى بوتۇلكىسىنى ئالدى ۋە ھەممەيلەنگە بىر قەدەھتىن «خۇلاسە» ھاراقنى قۇيدى. سورۇندىكىلەر يېمەكلىكنى ھەزىم قىلىش پەيدا قىلغان ھارارەتتىن خېمىردەك بوشىشىپ كەتتى، تاماقتىن كېيىنكى كۈچلۈك ھاراق تەسىرىدە ئېزىلىپ ئىختىيارسىز مەستخۇشلاندى. ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى، قەدەھنىڭ تېگىدىكى سارغۇچ قىيام — شىرنىلىك بىراندىنى ئالدىرىماي ئوتلىشاتتى.

باللار ئۇخلاپ قېلىشتى، ئايال خىزمەتكار ئۇلارنى ئاپىرىپ كارىۋاتلىرىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دەردىنى ھاراق بىلەن چىقىرىدۇ. كاراۋانمۇ كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە قەدەھ بىراندى ئىچىۋەتتى. ھاراقنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغان كۆزلىرى چاقناشقا باشلىدى.

نېھايەت «دوختۇر» قايتماقچى بولۇپ قوزغالدى.

— ھوي! — دېدى ئۇ كاراۋاننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، — مەن بىلەن چىقىپ تالانى ئايلىنىپ كىرىڭ. ساپ ھاۋا سىزگە پايدىلىق. ئادەم غەمگە پاتقاندا جىممىدە ئولتۇرىۋەرسە بولمايدۇ.

كاراۋان ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ شىلەپىسى

بىلەن ھاسىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئىككىيلەن قولتۇقلىشىپ سېپىنا دەرياسى تەرەپكە كېتىشتى.

ئىسسىق ھۆپۆلدەپ تۇرغان قاراڭغۇ كېچىدە ئەتراپتىن خۇشبۇي ھىد كېلەتتى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە ئۆيچۆرىدىكى باغلاردا گۈللەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ كېتەتتى. گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى كۈندۈزى ئېغىر ئۇيقۇدا يېتىپ قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ئويغانغاندەك، كېچىدىكى مەيىن شامالغا ئارىلىشىپ ئەتراپقا تارقىلاتتى.

كەڭرى كەتكەن كوچىلاردا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى. گاز بىلەن يانىدىغان كوچا چىراغلىرى تاكى زەپەر دەرۋازىسىغىچە ئىككى رەت تىزىلغانىدى. پارىژ زەپەر دەرۋازىسى تەرەپتىكى قىزغۇچ تۇمانلار ئىچىدە يەنىلا قاينام - تاشقىنلىق چۆمگەنىدى، ئۈزۈكسىز شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلىناتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا يىراقتىكى تۈزلەڭلىكتە پويىز گۈلدۈرلەپ ئۆتەتتى، ئۇ سىرت ئۆلكىلەرنى كېزىپ دېڭىز ساھىلىغا قاراپ كېتەتتى. پويىز گۈدۈكى بايىقى شاۋقۇن - سۈرەنلەرگە يىراقتىن دوست تارتىشىپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

سىرتتىكى ھاۋا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتەتتى، بۇ دەسلەپتە بەكلا تاسادىپىي تۇيۇلدى. «دوختۇر» تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماي يىقىلغىلى تاسلا قالدى. كەچكى تاماقتىن كېيىن كاراۋاننىڭ بېشى قېيىشقا باشلىغانىدى، ئەمدى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ مەست - ئەلەس ھالەتتە چۈشەكىگەندەك ماڭاتتى، پۇت - قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغانىدى. چۈنكى، ئۇ روھىي جەھەتتىن سېزىمىنى يوقاتقاچقا، ئېغىر غەم - قايغۇنى ئەمدى ھېس قىلالمايتتى، ئەكسىچە يەڭگىللەپ قالغانىدى. گۈللەرنىڭ قاراڭغۇ كېچىنى قاپلىغان كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان خۇش پۇرىقى ئۇنىڭدىكى ئازادىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

ئۇلار كۆۋرۈككىچە باردى، ئاندىن ئۇنىڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ دەريانى ياقىلاپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە سېپىنا دەرياسىنىڭ سالقىن شامىلى ئۇرۇلدى. دەريا سۈيى بىر قاتار ئېگىز سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ كەينىدە مەيۈسانە ھالدا جىمجىت ئاقاتتى. يۇلتۇزلار خۇددى دەريا سۈيىدە ئۈزۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى قارشى قىرغاقتا لەيلەۋاتقان سۈس ئاق تۇمان ئادەمنىڭ ئۆپكىسىدە بىر خىل نەم تىنىقنى پەيدا قىلاتتى. كاراۋان بىردىنلا توختاپ قالدى. چۈنكى، دەريا سۈيىنىڭ ھىدى ئۇنىڭ كۆڭلىدە يىراقتا قالغان ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى ئويغاتقانىدى.

ئۇ ئانىسىنىڭ بۇرۇنقى تۇرقىنى، ئۆزىنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ئانىسىنى، يىراقتىكى پىكاردىي① ئۆلكىسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئانىسى ئېشىكنىڭ ئالدىدا، ھويلىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىدا ئېڭىشكىنىچە يېنىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان كىرلەرنى يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئانىسىنىڭ جىمجىت دالىدا كىرلەرنى سىلكىگەن ئاۋازىنى ۋە «ئالفرېد، بىر توقاچ سوپۇن ئاچىقىپ بەر» دەپ توۋلىغان ئۈنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ دەريا سۈيىنىڭ ھىدىنى، شارقىراپ سۇ ئېقىۋاتقان زېمىندىن كۆتۈرۈلگەن بايىقىدەك سۈس تۇماننى، سازلىقتىن چىقىۋاتقان سۇ ھورىنىڭ پۇرىقىنى سەزدى. بۇ سېزىم ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ كۆڭلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ خاتىرىلەر بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل ئانىسى ۋاپات بولغان ئاخشىمى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەنىدى.

ئۇ ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. قايغۇ - ھەسرەت ئۇنىڭ كۆڭلىدە قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئۇنىڭ بەختسىزلىكىنى خۇددى چاقماق چېقىپ يورۇتقاندەكلا ئاشكارىلىۋەتتى. مەيىن شامال ئۇنى يېڭىباشتىن ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلدى. ئۇ مۇشۇ مەڭگۈلۈك جۇدالىق تۈپەيلى يۈرىكىنىڭ سەدپارە بولۇۋاتقىنىنى سەزدى. مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھاياتى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاندى. ئانىسىنىڭ ۋاپاتى سەۋەبلىك جەبرائىل ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىنى

① پىكاردىي — فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىنىڭ نامى.

پۇتۇنلەي يۇتۇۋەتتى، ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. «ئۆتمۈش» تامامەن ئاخىرلاشتى. ياشلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى خاتىرىلەردىن نام ـ نىشانمۇ قالمىدى. ئەمدى ھېچكىممۇ كاراۋان بىلەن ھاياتىدا ئۆتكەن خۇپىيانە ئىشلىرى، بۇرۇنقى ئەھۋالاتلار، ئىلگىرى تونۇشقان كىشىلەر ھەققىدە مۇڭداشمايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاشۇ قىسمى مەۋجۇت ئەمەس، قالغان قىسمىنى ئەجەل كۇتۇپ تۇرىدۇ.

ئۆتمۈش خاتىرىلىرى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. كۆز ئالدىدا يەنە ياش «ئانىسى» نامايان بولدى. ئۇ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. كۆڭلەك نۇرغۇن يىللار كىيىلگەنىدى، كاراۋانغا ئانىسى بىلەن كۆڭلەك بىر گەۋدىدەك تۇيۇلاتتى. كاراۋان ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن مىڭلارچە كۆرۈنۈشنىڭ ئىچىدىن ئانىسىنىڭ غۇۋا چىرايىنى — قول ئىشارىسىنى، تەلەپپۇزىنى، ئادەتلىرىنى، غەلىتە قىلىقلىرىنى، سەپرالىقىنى، يۈزىدىكى قورۇقلارنى، ئورۇق بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى، مېھرىبان ۋە ئەمدى ئۇچراتقىلى بولمايدىغان قىياپىتىنى يەنە تېپىۋالدى.

ئۇ «دوختۇر»نىڭ مورىسىگە بېشىنى قويۇۋېلىپ ئۇزۇن سىلىپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ھالسىزلىنىپ جېنى قالمىغان پۇتلىرى تىترەيتتى، خام سېمىز گەۋدىسى يىغىغا ئەگىشىپ لاغىلدايتتى.

— ئانام، بىچارە ئانام، بىچارە ئانام! ... — دەپ غۇدۇرىدى ئۇ.

شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ھېلىمۇ مەست ھالەتتە تۇرغان ھەمراھى شۇ تاپتا ھەممىشە خۇپىيانە يوقلايدىغان يېرىگە بېرىپ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگۈسى كېلىۋاتاتتى. ئۇ كاراۋاننىڭ بىردىنلا پارتلىغان ھەسرىتىدىن جاق تويدى ۋە ئۇنى يۆلەپ دەريا بويىدىكى چۆپلۈككە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن كېسەل كۆرۈشنى باھانە قىلىپ غىپپىدە كېتىپ قالدى.

كاراۋان ئۇزاق يىغلىدى. كېيىنچە كۆز ياشلىرى قۇرۇدى، دەرد ـ ھەسرىتىمۇ كۆز يېشى بىلەن بىللە ئېقىپ تۈگىدى. ئۇ يەنە يەڭگىللەپ، ئازادىلىشىپ قالدى. كەيپىياتىمۇ ئوڭشالدى. ئاي كۆتۈرۈلدى، زېمىن تىنىق ئاي نۇرىغا چۆمدى. ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەردىن كۈمۈش رەڭ نۇر يالتىرايتتى، تۇزلەڭلىكتىكى تۇمان قار ئۇچقۇنلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئەمدى دەريا يۈزىدە يۇلتۇزلارنىڭ ئەكسى كۆرۈنمەيتتى. سۇ ئۈستى مەرۋايىت چېچىلغاندەك تۇس ئالغانىدى. دەريا سۈيى مەيىن دولقۇن ھاسىل قىلىپ توختىماي ئېقىۋاتاتتى. ھاۋا مۆتىدىل ئىدى. كۈچسىز شامال گۈللەرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئېغىر ئۇيقۇدىكى زېمىن خېلى تىنچلانغانىدى، كاراۋان قاراڭغۇ كېچىنىڭ پەيزىنى بولۇشىغا سۈرۈۋاتاتتى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. شۇ ئان ئۇنىڭ بەدىنىگە بىر خىل سۈزۈك، پىنھان سېزىم ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان خۇرسەنلىك سىڭىپ كىرگەندەك بولدى.

شۇغىنىسى، ئۇ مۇناسىپ بولمىغان بۇ راھەتلىك سېزىمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن «ئانام، بىچارە ئانام» دېگەن گەپنى توختىماي



تەكرارلاپ، پەزىلەتلىك كىشىلەردە بولىدىغان ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۇقتىسىدىن يىغلىماقچى بولاتتى، لېكىن يىغلىيالمايتتى. ھېلىلا ئۇنى ھۆركىرىتىپ يىغلىتىۋەتكەن ئەسلىمىلەرمۇ ئۇنىڭدا زادىلا قايغۇ ـ ھەسرەت قوزغىيالمايتتى.

نىھايەت، ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كەلگەن يولى بىلەن بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ بارچە مەۋجۇدات تىمتاسلىققا چۆمگەن تەبىئەتنىڭ پىنھان قوينىغا غەرق بولدى، كۆڭلىمۇ ئۇنىڭ خاھىشىنىڭ ئەكسىچە تىنچلىنىپ قالدى.

ئۇ كۆۋرۈككە كەلدى. ئاخىرقى پويىز قوزغىلىش ئالدىدىكى سىگنال چىرىغىنى ياندۇرۇپ تۇراتتى. پويىزنىڭ كەينى تەرىپىدىكى يەر شارى قەھۋەخانىسىنىڭ دېرىزىلىرىدىن چىراغ نۇرى پارلايتتى.

كاراۋان شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا موھتاج ئىدى. شۇڭا، ئۇ چىراينى ئۇمچەيتكىنىچە قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئىچىپ ئۇدۇل پوكەينىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ يەردە غوجايىن ئولتۇرغانىدى. كاراۋان ئەسلىدە ھەممەيلەننىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىشىنى، «ھوي، سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىشىنى كۈتكەنىدى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ئۆمسە چىرايىغا ھېچكىممۇ دىققەت قىلمىدى. كاراۋان بۇنى كۆرۈپ پوكەيگە دۈم يېتىۋالدى ۋە بېشىنى قامالىلىغىنىچە «تەڭرىم ! تەڭرىم !» دەپ غودۇڭشىدى.

غوجايىن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— كاراۋان ئەپەندىم، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

— ياقەي، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — بىچارە دوستۇم، ئانام ھېلىلا ئالەمدىن ئۆتتى.

غوجايىن پەرۋاسىز قىلماي «ھە» دەپلا قويدى. شۇ ئارىدا زالنىڭ نېرىقى چېتىدىن بىر خېرىدار توۋلىدى:

— بىر ئىستاكان پىۋا !

— لەببەي ! ... مانا ھازىر ! — غوجايىن شۇ ھامان گېلىنى كېرىپ ئادەم قورققۇدەك ئاۋازدا ۋارقىرىدى ۋە چۆچۈپ كەتكەن كاراۋاننى تاشلاپلا خېرىدارنىڭ خىزمىتىگە ماڭدى.

ئۈچ نەپەر دومىنو مەستانىسى ھېلىمۇ كەچلىك تاماقتىن بۇرۇنقى ئۇستەلنىڭ چۆرىسىدە مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇلار ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئويۇنغا بېرىلگەنىدى. كاراۋان ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كاراۋاننىڭ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى گەپ ئاچتى.

— بىردەمنىڭ ئىچىدە بالا ـ قازاغا دۇچ كەلدىم.

ئۈچەيلەن باشلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ قويۇشتى، لېكىن كۆزلىرى يەنىلا ئويۇندا ئىدى.

— نېمە بولدى؟

— ئانام ھېلىلا ۋاپات بولدى.

ئۇلارنىڭ بىرى پەرۋايى پەلەك بولسىمۇ ئېچىنغان قىياپەتتە «ھوي !» دەپ قويدى. يەنە بىرى نېمە دېيىشىنى بىلمەستىن بېشىنى چايقىدى ۋە قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىسقىرتىۋەتتى. ئۈچىنچىسى بولسا يەنە ئويۇنغا كىرىشتى. ئۇ كۆڭلىدە «ئەسلىي مۇنداق ئىش بولغانىكەن ـ دە !» دەپ ئويلىغاندەك قىلاتتى.

كاراۋان ئۇلاردىن «ھالىغا يېتىدىغان» بىرەر ئېغىز گەپ تەمە قىلغانىدى. شۇغىنىسى، بايىقىدەك مۇئامىلىگە يولۇققاندىن كېيىن تورۇپلا كېتىپ قالدى. ئاغىنىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەمگە ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۇنى غەزەپلەندۈردى. ئۇ ھەتتا ھەسرەتتىن خېلىلا يەڭگىللەپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدى.

كاراۋان قەھۋەخانىدىن چىقتى. خوتۇنى ئۇخلاش كىيىمى كىيگىنىچە ئوچۇق دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ مىراسقا ئالاقىدار ئىشلاردىن بەكلا ئەندىشە قىلىۋاتاتتى.

— كىيىملىرىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، — دېدى

ئۇ، — يېتىپ پاراڭلىشايلى.

كاراۋان تورۇسقا قارىدى:

— بىراق... يۇقىرىدا... ھېچكىممۇ يوق.

— خاتىرجەم بولۇڭ، روزالى ئۇنىڭغا قاراۋاتىدۇ. بىرپەس كۆز يۇمۇۋېلىڭ. سەھەر سائەت ئۇچتە ئۇنىڭ ئورنىغا ئالمىشىسىز.

كاراۋان ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىچىدىكى ئىشتىنىنى سالمىدى، بېشىغا بىر شارپىنى ئورىۋېلىپ، خوتۇنىنىڭ كەينىدىن يوتقانغا كىردى.

ئۇلار بىردەم يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. خوتۇنىنىڭ قورسىقىدىكى گەپلىرىنى قىلغۇسى كېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئۇخلىغاندا كىيىدىغان بۆكىگىمۇ بىر تال قىزىل كېپىنەك بانتىك قادالغانىدى. ئۇنىڭ ئادەتتە بۆك كىيگەندىكى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئادىتىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بۇ بۆكمۇ ئۇنىڭ بىر قۇلىقىغا قىيسىيىپ قالغانىدى.

كاراۋان خانىم بىردىنلا ئۇنىڭغا قاراپ بۇرۇلدى.

— بىلەمسىز، ئانىڭىز ۋەسىيەتنامە قالدۇرغانمۇ؟ — سەل تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭچە... مېنىڭچە قالدۇرمىغان... شۇنداققۇ دەيمەن، — خانىم ئېرىغا مىختەك تىكىلگىنىچە غەزەپ بىلەن پىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى، — شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ مانا ئون يىل بوپتۇ، بىز ئۇنى جاپا بىلەن كۈتتۇق، ئۆيىمىزدە تۇرغۇزدۇق، قورسىقىنى باقتۇق. ئورنىڭىزدا سىڭلىڭىز بولغان بولسا كارى بولمىغان بولاتتى. شۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان مەن. مۇشۇنداق بولىدىغىنىنى بىلگەن بولسام قولۇمنى ئېگىپمۇ قويماسكەنمەن ! كېيىنچە كىشىلەر ئۇنى ئەسلەپ قالسىمۇ بۇ بىر سەتچىلىكقۇ ! سىز بەلكىم ئانام بىزگە ياتاق - تاماق ھەققى تۆلىگەن دېگەن گەپنى قىلارسىز. ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن، پەرزەنتلەرنىڭ ئەجرىنى ئازراق پۇل بىلەنلا قايتۇرغىلى بولمايدۇ. مىننەتدارلىق دېگەننى ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋەسىيەتنامە بىلەن ئىپادىلەش كېرەك. پەزىلەتلىك كىشىلەر ئەنە شۇنداق قىلىدۇ. مەن بىھۇدە جاپا چېكىپتىمەن، بىكارغا پايپېتەك بوپتىمەن ! ۋاي ئىسىت ! ۋاي ئىسىت كاراۋاننىڭ پەركايى ئۇچۇپلا كەتتى.

— سۆيۈملۈكۈم، سۆيۈملۈكۈم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى ئۇ كەينى - كەينىدىن.

خوتۇنى بىرھازا دەپ ئېيتىپ، بارا - بارا پەسلىدى. ئاندىن ئادەتتىكىچە تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سىڭلىڭىزغا خەۋەر قىلماي بولمايدۇ.

كاراۋان ئورنىدا قىمىدىنىپ كەتتى:

— راست، بۇ ئىشنى ئويلىمىغىنىمنى قاراڭ، تاڭ يورۇشى بىلەنلا تېلېگراممىا بېرىۋېتەي.

ھالبۇكى، يەنىلا خوتۇنىنىڭ كاللىسى ئىشلىدى.

— ياق، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ گېپىنى رەت قىلىپ، — تېلېگراممىنى سائەت 10 بىلەن 11 ئارىلىقىدا بېرىڭ. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن مەسلىھەتلىشىۋالايلى. ئۇنىڭ چارنېتوندىن بۇ يەرگە كېلىشى ئۇچۇن كۆپ بولسا ئىككى سائەت كېتىدۇ. ئۇنىڭغا سىزنى گاڭگىراپ قېلىپ ئېسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ دەپ قويايلى. يەنە كېلىپ، چۈشتىن بۇرۇن خەۋەر قىلسىمۇ خەۋەر قىلمىغاندىن ياخشىغۇ !

كاراۋان توساتتىن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى ۋە ئادەتتە ئۇ ئېسىگە كەلسىلا قورقۇپ تىترەپ كېتىدىغان بۆلۈم باشلىقىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندەك ئالاقزەدە بولغان ھالدا ئېيتتى:

— مىنىستىرلىققا دەپ قويماي بولمايدۇ.

— نېمىشقا دەپ قويىدىكەنسىز؟ — سورىدى خوتۇنى، — بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەنلەرنى ئۆتتۈپ قالسىمۇ بىرنېمە دەپ كەتمىگۈلۈك. گېپىمنى ئاڭلاڭ: خەۋەر قىلمايمىز. بۆلۈم باشلىقىڭىز زۇۋانمۇ سۈرەلمەيدۇ، سىز ئۇنى راسا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈڭ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، شۇنداق قىلمامدىغان، — دېدى كاراۋان ئەپەندى، — ئۇ خىزمەتكە كەلمىگەنلىكىمنى بىلىپ جەزمەن چىچاڭشىپ كېتىدۇ. توغرا ئېيتتىڭىز، بۇ ياخشى مەسلىھەت. مەن ئۇنىڭغا ئانامنىڭ ئۆلگىنىنى ئېيتقىنىمدا ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ غىڭ قىلالمايدۇ.

بۆلۈم ئەزاسى بۇ نەيرىڭدىن مەمنۇن بولۇپ قوللىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۆلۈم باشلىقىنىڭ چىرايى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. مومايىنىڭ مېيىتى تېخىچە ئۇستۇنكى قەۋەتتە ياتاتتى. يېنىدىكى ئايال خىزمەتكار شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى.

كاراۋان خانىم كىشىگە تىنغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئۇنى تەڭلىكتە قويۇۋاتقاندەك، تۇرۇپلا يەنە ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئاخىر جۇرئىتىگە ئېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئانىڭىز ئۇستەل سائىتىنى سىزگە بېرىۋەتكەن، شۇنداققۇ دەيمەن، ھېلىقى قىز بالا ئوينايدىغاننى، — ئۇ بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنداق، شۇنداق، ئۇ ماڭا ئېيتقان. بىراق، ئۇ بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەندە بولغان ئىش. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ماڭ:: «سىز ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلسىڭىز، بۇ ئۇستەل سائىتى سىزنىڭ بولىدۇ» دېگەن گەپنى قىلغىنى راست.

كاراۋان خانىمنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— قاراڭا، — دېدى خانىم، — شۇنداق دېگەندىكىن ئۇنى ئەكىرىۋالايلى. سىڭلىڭىز كەلسە بىزگە تۇتقۇزمايدۇ، — ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، — سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز يا؟ — ئۇ بىردىنلا تېرىكىپ كەتتى، — مەن ئەلۋەتتە شۇنداق ئويلايمەن. تىۋش چىقارماي ئەكىرىۋالساقلا ئۇ بىزنىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى يۈزلۈكى مەرمەر تاشتىن ياسالغان ھېلىقى پاكار ئىشكاپمۇ بار تېخى. ئۇ بىر كۈنى كەيپى جايىدا چېغىدا ماڭا ئۇنىمۇ بېرىمەن دېگەن. ئىككىيلەن ئەچۈشۈۋالساقلا بولغىنى.

كاراۋان دەرگۇمان بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى:

— بىراق، سۆيۈملۈكۈم، بۇ دېگەن جاۋابكارلىقى چوڭ ئىشتە!

خوتۇنى بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى:

— ھەي، سىز تازىمۇ قىزىققۇ! بۇ ئادىتىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟ سىزنىزە! بالىلىرىڭىز ئاچتىن ئۆلسىمۇ قاراپلا ئولتۇرامسىز، شۇنداقمۇ يا؟ سىڭلىڭىز ئۇنىمايدىغان بولسا، كېلىپ گېپىنى قىلسۇن! ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلمايمەن بولدى. تۇرۇڭا، ئاپىڭىز بەرگەن نەرسىنى ئەچۈشۈۋالايلى.

كاراۋان ئەنە شۇ تەرزدە ئەيۋەشكە كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئىترىگىنىچە كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئەمدىلا شىمىنى كىيەي دېيىشىگە خوتۇنى ئۇنى يەنە توسۇۋالدى:

— سىرت كىيىملىرىڭىزنى كىيمەي چىقىۋېرىڭ، ئىچ ئىشتىنىڭىز بولسىلا بولىدۇ، قاراڭ، مەنمۇ شۇنداقلا چىقىمەن.

ئىككىيلەن پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىشتى. ئىچ ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىشتى. موماي ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭغا سەمىشىت دەرىخىنىڭ شېخى سېلىنغان تەخسىنىڭ چۆرىسىگە يېقىپ قويۇلغان تۆت تال شاملا ھەمراھ بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. روزالى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ئۇ پۇتلىرىنى سوزۇپ قوللىرىنى يوپكىسىنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ قويۇۋالغانىدى. بېشىنى قىيسايتىپ قىمىرلىماي ياتاتتى. ئاغزىنى ئېچىۋېلىپ بوش ئاۋازدا خورەك تارتىۋاتاتتى.

كاراۋان ئۇستەل سائىتىنى ئالدى. سائەت ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى نۇرغۇن سەنئەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاشلا، ئانچە ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق بىر نەرسە ئىدى. ئۇستىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، بېشى تورلۇك گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن قىزنىڭ قولىدىكى توپى ماياتنىڭ رولىنى ئوينايتتى.

— ئەكېلىڭ، — دېدى خوتۇنى كاراۋانغا، —

سىز پاكار ئىشكاپنىڭ مەرمەر يۈزلۈكىنى كۆتۈرۈڭ.

كاراۋان ئۇنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، كۈچىنىپ تۇرۇپ مەرمەر يۈزلۈكنى ئۆشنىسىگە ئالدى.

ئەر ـ خوتۇنلار سىرتقا قاراپ مېڭىشتى. كاراۋان يۈرىكى ئاغقان ھالدا پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدى. خوتۇنى كەينىچە مېڭىپ بىر قولىدىكى شام بىلەن پەلەمپەينى يورۇتۇپ بېرىۋاتاتتى، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇستەل سائىتىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

ئۇلار ھۇجرىسىغا كىرىشتى، كاراۋان خانىم يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ ئەركىن نەپەس ئالدى.

— ئەڭ قىيىن ئىش تۈگىدى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى قالغىنىنى ئاچقايلى.

شۇغىنىسى، پاكار ئىشكاپنىڭ تارتمىلىرى موماينىڭ كىيىملىرى بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنى نەگىمۇ قويغىلى بولسۇن.

يەنىلا كاراۋان خانىمنىڭ ئەقلى ئىشلەپ قالدى.

— كارىدوردىكى ساندۇقنى ئەكىرەيلى، — دېدى ئۇ، — ئۇ ساندۇق قىرىق سوغىمۇ يارىمايدۇ. ئۇنى مۇشۇ يەرگە قويايلى.

ساندۇق كەلتۈرۈلدى. ئۇلار تارتمىلارنى بوشىتىشقا كىرىشتى.

ئىككىيلەن كەينى تەرەپتە ياتقان موماينىڭ يەڭلىك، ياقا، كۆڭلەك، بۆك دېگەندەك بارلىق پارچە ـ پۇرات كونا كىيىملىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ، ساندۇققا رەتلەپ سالدى. ئۇلار مەرھۇمەنىڭ ئەتە كېلىدىغان يەنە بىر پەرزەنتى بۇلو خانىمنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتاتتى.

ئۇلار بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاۋۋال تارتمىلارنى پەسكە ئەچۈشتى. ئاندىن بىرى بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈپ ئىشكاپنىمۇ يۆتكەپ چۈشۈۋالدى. ئىشكاپنى نەگە قويسا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى ئۈستىدە ناھايىتى ئۇزاق باش قاتۇرۇشتى. نىھايەت، ئىشكاپنى ياتاق ئۆيگە، كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىككى دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويماقچى بولۇشتى.

ئىشكاپ ئەمدىلا قويۇلۇشىغا، كاراۋان خانىم ئۇنىڭغا يەڭگۈشلەيدىغان كىيىملىرىنى سېلىۋالدى. ئۇستەل سائىتى تاماقخانىدىكى تام مەشىنىڭ تاكچىسىغا قويۇلدى. ئاندىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۆينىڭ بېسىقتۇرۇلۇشىنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىپ، تولىمۇ مەمنۇن بولۇشتى.

— تازىمۇ قامالاشتى، — دېدى خوتۇنى.

— راست، بەكلا ياراشتى، — دېدى ئېرى.

ئاندىن ئۇلار ئۇخلىماقچى بولۇپ كارىۋاتقا چىقىشتى. كاراۋان خانىم شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ بىنانىڭ ئىككى قەۋىتىدىكى ھەممە ئادەم ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولدى.

كاراۋان كۆزلىرىنى ئاچقاندا تاڭ يورۇغانىدى. ئۇ يېڭىلا ئويغانغاچقا، بېشى ئېغىرلىشىپ تۇراتتى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن باياتىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ خۇددى مەيدىسىگە بىرى كۈچەپ مۇشتلىغاندەك، كارىۋاتتىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى. روزالى تېخىچە تۈنۈگۈن كەچتىكى قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇ كېچىچە ئويغىنىپمۇ قويمىغانىدى. كاراۋان ئۇنى ئىشقا بۇيرۇدى، ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيلا دەپ قالغان شاملارنى يەڭگۈشلىدى. ئاندىن ئانىسىغا زەن قويۇپ قارىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاللىقانداق سىرلىق خىياللار چۇلغىۋالدى.

شۇ ئارىدا خوتۇنى ئۇنى چاقىردى. كاراۋان ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشتى. خوتۇنى چۈشتىن ئاۋۋال پۈتكۈزۈلىدىغان ئىشلارنى قەغەزگە تىزىملاپ قويغانىدى. كاراۋان لىپمۇلىق خەت يېزىلغان قەغەزنى ئالدى. ئۇنىڭغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى.

قەغەزگە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى:

بىرىنچى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش؛
ئىككىنچى، دوختۇر چاقىرىپ مېيىتنى تەكشۈرتۈش؛
ئۈچىنچى، ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنى بۇيرۇتۇش؛
تۆتىنچى، چېركاۋغا بېرىش؛
بەشىنچى، دەپنە ئىدارىسىگە بېرىش؛
ئالتىنچى، مۇسىبەتنامە باستۇرۇش؛
يەتتىنچى، جامائەت گۇۋاھچىسى تېپىش؛
سەككىزىنچى، تۇغقانلارغا تېلېگرام يوللاش.

بۇنىڭدىن باشقا، پۈتكۈزىدىغان يەنە نۇرغۇن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارمۇ تۇراتتى. كاراۋان دەرھال شىلەپىسىنى كىيىپ ئىشىكتىن چىقتى.

بۇ خەۋەر ئەتراپقا پۇر كەتكەندى. قولۇم - قوشنىلار پەتىگە كىرگىلى تۇردى.

بىرىنچى قەۋەتتىكى ساتىراشنىڭ خوتۇنى خېرىدارنىڭ ساقىلىنى ئېلىۋاتقان ئېرى بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق دېيىشىپمۇ قالدى.

— يەنە بىرى ئازايدى، — دېدى خوتۇن پايپاق توقۇۋېتىپ، — يەنە بىر پىخسىق كەتتى. ئۇ جاھاندا ئاز ئۇچرايدىغان پىخسىق بولىدىغان، راست گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ بىلەن زادىلا ئېقىم كېلىشمەيتتى. شۇغىنىسى، پەتىگە كىرىپ چىقمىسام تېخى ئەپلەشمەيدۇ.

ئېرى خېرىدارنىڭ ئېڭىكىگە سوپۇن سۈركەۋېتىپ پەس ئاۋاز بىلەن غودۇڭشىدى:

— قولاق سېلىڭا، غەلىتىلا گەپلەر بولۇۋاتىدۇ! بۇنداق ئوي - خىيال خوتۇن خەقنىڭلا كاللىسىغا كېلىدۇ. ئۇلار ھايات ۋاقتىدا سالغان زۇلۇمى يەتمىگەندەك، ئۆلگەندىمۇ ئادەمگە ئارامچىلىق بەرمەيدۇ.

شۇغىنىسى، خوتۇنى خىجىلمۇ بولۇپ قويماي سۆزلەۋەردى:

— ماڭا نېمە ئامال، پەتىگە كىرمىسەم بولمايدۇ - دە، باياتىن مۇشۇ ئىشقا بېشىم قېتىپ تۇراتتى. مۇبادا كىرىپ چىقمىسام ئۈمۈر بويى كۆڭلۈم تىنچىمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا راسا سەپسېلىپ چىرايىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالسامىلا يوخادىن چىقىدىغاندەك تۇرىمەن.

ئۇنىڭ ئېرى قولىدا ئۇستۇرا تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ساقىلىنى قىردۇرۇۋاتقان خېرىدارغا پىچىرلاپ دېدى:

— سىزدىن سوراپ باقاي، سىز بۇ نەپرەتلىك خوتۇنلارغا قانداق قارايسىز؟ ئىشقىلىپ، مېيىتنى كۆرۈش ماڭا قىزىقارلىق تۇيۇلمايدۇ!

بۇ گەپنى ئۇنىڭ خوتۇنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ پېتىنى بۇزماي تۇرۇپ:

— قىزىقارلىقتۇ، قىزىقارلىق بولماي، — دېدى - دە، قولىدىكى توقۇۋاتقان ئىشىنى پوكەيگە تاشلاپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىككى نەپەر ئايال قوشنىسى چىقىپ بولغانىدى. ئۇلار كاراۋان خانىم بىلەن بۇ مۇسىبەت ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى. كاراۋان خانىم ۋەقەنىڭ جەريانىنى قالتىس قاملاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇلار مېيىت قويۇلغان ئۆيگە قاراپ مېڭىشتى. تۆت ئايال پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن تۇزلۇق سۇغا بارماقلىرىنى چىلاپ ئورۇن - كۆرپىلەرگە چېچىپ قويىدى. ئاندىن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ دۇرۇت ئوقۇشتى، چوقۇنۇشتى. ئاخىرىدا ئورۇنلىرىدىن تۇردى - دە، ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ مېيىتقا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇشتى. بۇ چاغدا مەرھۇمەنىڭ كېلىنى يۈزىگە قول ياغلىق تۇتۇۋېلىپ زورمۇزور ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.

كاراۋان خانىم چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلغاندا مارى لۇئىس بىلەن فىلىپ ئاۋگۇستقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئىچكى كىيىم بىلەنلا بوسۇغىدا تۇرۇۋېلىپ قىزىقسىنىپ قارىشاتتى. كاراۋان خانىم زورۇقۇپ دەرد - ھەسرەت چېكىۋاتقىنىنى ئېسىدىن

چىقىرىپ قوللىرىنى يايغىنىچە يۈگۈرۈپ باردى ـ ده، بوغۇلۇپ تۇرۇپ:

— چىقىڭلار، كەپسىزلەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇ يەنە بىرمۇنچە ئايال قوشنىلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى. يەنىلا قېيىنئانىسىنىڭ ئۈستىگە سەمشت شاخلىرىنى سىلكىپ دۇرۇت ئوقۇدى. بىرنەچچە تامچە ياشمۇ تۆكتى. ئىشقىلىپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى يەتكۈزۈپ ئادا قىلدى. شۇ ئارىدا ئۇ كەينى تەرىپىدە ئىككى بالىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ ده، ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ ئىككى كاچات سالدى. لېكىن، ئۈچىنچى قېتىمغا كەلگەندە ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. كېيىن ھەر قېتىم پەتچىلەر كەلگەندە ئىككى بالىمۇ بىللە كىرەتتى، ئۇلار بۇلۇڭدا يۈكۈنۈۋېلىپ، ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىنى بىرمۇبىر دورىشاتتى.

چۈشتىن كېيىن كۆڭۈل ئېيتىپ كەلگەن ئايال پەتچىلەر ئازايدى. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا ئادەملەرنىڭ ئايىغىمۇ سېيلىكتى. كاراۋان خانىم ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ مېيىت ئۇزىتىشقا ئالاقىدار پارچە ـ پۇرات ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتتى. مېيىت ئۈستۈنكى قەۋەتتە غېرىبسىنىپ يالغۇز قالدى.

دېرىزىلەر ئوچۇق تۇراتتى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا توزۇۋاتقان توپا ـ چاڭ ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى بىلەن بىللە ئۆي ئىچىگە كىرەتتى. تۆت تال شامنىڭ يالقۇنى قىمىرلىماي ياتقان مېيىتنىڭ يېنىدا ئەلەڭلەيتتى. بىرنەچچە چىۋىن مېي ئىتىنىڭ چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدە، سوزۇلغان قوللىرىدا مېڭىپ يۈرەتتى، ئۇچۇپ كېتەتتى، يەنە كېلىپ قوناتتى، توختىمايلا ئايلىناتتى. ئۇلار مومايىنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان پەيتىنىمۇ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

مارى لۇئىس بىلەن فىلىپ ئاۋگۇست يەنە ئوينىغىلى كوچىغا چىقىپ كەتتى.

بىرپەستىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆپچۆرىسىگە بالىلار ئولىشىۋالدى. ئۇلار ئىچىدە قىزلار كۆپرەك ئىدى. ئۇلار ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق خۇپىيانە ئىشنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىمىسقىلاپ بىلىۋالاتتى.

— موماڭلار تۈگەپ كېتىپتۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇلار خۇددى چوڭ كىشىلەردەك.

— تۈگەپ كەتتى، تۈنۈگۈن كەچتە.

— ئۆلگەن ئادەم قانداق بولىدىكەن؟

مارى لۇئىس شام، سەمشت دەرىخىنىڭ شاخلىرى، ئۆلگەن ئادەمنىڭ چىرايىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرمۇنچە گەپ قىلدى. ئۇنىڭ گەپلىرى بالىلاردا كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىدى. ئۇلارمۇ ئۈستىگە چىقىپ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقساق دېيىشتى.

مارى لۇئىس ئالمان ـ تالمان دەسلەپكى ساياھەت ئۆمىكىنى تەشكىللىدى. ئۇ ئۆمەك يېشى ئەڭ چوڭ، ئەڭ يۈرەكلىك بەش قىز، ئىككى ئوغۇلدىن تەركىب تاپتى. مارى لۇئىس باشقىلارنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىشنى ئېيتتى. بۇ ئۆمەك بىناغا كىرگەندىكىن خۇددى چاشقانلار توپىدەك تىۋىشىمۇ چىقارماي ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى.

مارى لۇئىس ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئانىسىنى دوراپ ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى، دوستلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ تەنتەنىلىك ھالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، چوقۇندى، كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتتى. ئورنىدىن تۇردى، كارىۋاتقا سۇ سەپتى. ئاندىن بالىلار توپلىشىپ قورقۇنچ، ھېرىسمەنلىك ۋە قىزىقىش ئىلكىدە كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، مېيىتنىڭ يۈزىگە، قوللىرىغا سەپسېلىشتى. بۇ چاغدا، مارى لۇئىس قول ياغلىقىنى كۆزلىرىگە تۇتۇپ يالغاندىن يىغلىغان بولدى. لېكىن، ئۇ سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان بالىلارنى ئەسلەپ قايغۇنى شۇ زامان ئۇنتۇدى ـ ده، دىكىلداپ يۈگۈرگەن پېتى نەچچە تۈركۈم بالىنى باشلاپ چىقتى. ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن جۇلجۇل كىيىملىك كىچىك تىلەمچىلەرمۇ بۇ ئاجايىپ ئويۇنغا قاتناشتى.

مارى لۇئىس ھەر قېتىمدىلا ئانىسى ئوينىغان رولنى ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپ ئورۇندىدى.

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مارى لۇئىس چارچىدى. بالىلارمۇ باشقا ئويۇنغا قىزىقىپ نەگىدۇر كېتىشتى. موماي غېرىبسىنىپ يەنە شۇ يەردە ياتاتتى، باشقىلار ئۇنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى.

ئۆي ئىچىگە قاراڭغۇ چۈشتى. مومايىنىڭ يىرىكدەپ قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزىدە شام نۇرى ۋە سايىلەر ئەلەڭلەيتتى.

سائەت 8 ئۆپچۆرىسىدە كاراۋان ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ دېرىزىلەرنى ياپتى، شاملارنى يەڭگۈشلىدى. ئۇ ھازىر خېلىلا تىنچلىنىپ قالغانىدى، چۈنكى مېيىت شۇ يەردە ياتقىنىغا نەچچە ئاي بولغاندەك، كۆزىگە سىڭىپ قالغانىدى. مېيىت ئۇنىڭغا قىلچىمۇ بوزۇلمىغاندەك تۇيۇلدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا، ئۇ بۇ ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتتى.

— شۇنى دەيمىنا، — دېدى خوتۇنى، — ئۇ خۇددى ياغاچتىن ياسالغاندەكلا قىلىدۇ. بىرەر يىل ساقلىسىمۇ ھېچنېمە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇلار ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ شورپا ئىچىشتى. بالىلار كەچكىچە بىلگەن سەنىمگە دەسسىگەچكە چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇلار ئورۇندۇقتا قىيسىيىپلا ئۇخلىغۇدەك باشلىدى. باشقىلار زوۋان سۈرمەي ئولتۇرۇشاتتى.

بىردىنلا چىراغ نۇرى غۇۋالاشتى.

كاراۋان خانىم كىرسىن چىراغنىڭ پىلىكىنى پەرلەپ قويدى. لېكىن، چىراغنىڭ ئىچىدىن شالاقشىغان ئاۋازمۇ چىقمىدى. چىراغ بىرپەستىن كېيىن ئۆچۈپلا قالدى. ئۇلار كىرسىن ئەكېلىشنى يەنە ئېسىدىن چىقارغانىدى! ئەمدى دۇكانغا بېرىشقا توغرا كەلسە تاماق كېچىكەتتى. ئۇلار شام ئىزدەشكە باشلىدى. شۇغىنىسى، ئۇستۇنكى قەۋەتتە تومپۇچكىنىڭ ئۇستىگە يېقىپ قويۇلغان بىرنەچچە شامدىن باشقا شاممۇ قالمىغانىدى.

كاراۋان خانىم ئىشلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇ شۇ زامانلا مارى لۇئىسنى ئۇستىگە چىقىپ ئىككى تال شام ئەچۈشۈشكە بۇيرۇدى. باشقىلار قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

قىزچاقنىڭ پەلەمپەيدىن چىققاندىكى ئاياغ تىۋشى باشقىلارغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇردى. ئاندىن جىمىپ كەتتى. بىردىنلا ئۇ گۈلدۈر - تاراق قىلىپ يۈگۈرۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. قىزچاقنىڭ چىرايىدىن ئالاقزەدىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تۇنۇگۈن كەچتە قايغۇلۇق خەۋەرنى يەتكۈزگەن ۋاقتىدىنمۇ بەكرەك جىددىيلەشكەنىدى.

— ۋايجان ! — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ، — دادا، مومام كىيىملىرىنى كىيىۋاتىدۇ !

كاراۋان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئورۇندۇق ئۆرۈلۈپ تامنىڭ تۈۋىگىچە دومىلاپ باردى.

— نېمە؟ ... — دېدى ئۇ گاچىلىشىپ، — نېمە دېدىڭىز؟ ...

جىددىيلىشىپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان مارى لۇئىس گېپىنى تەكرارلىدى:

— مو... مام... مومام كىيىملىرىنى كىيىۋاتىدۇ... ئۇ پەسكە چۈشمەكچى...

كاراۋان ئەپەندى ئېلىشىپ قالغاندەك يۈگۈرۈپ يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. خوتۇنى ئالاقزەدە بولۇپ كەينىدىن ئەگەشتى. كاراۋان ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىك تۈۋىدە توختاپ قالدى. چۈنكى، ئۇ قورقۇپ كىرىشكە پېتىنالمايۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نېمىلەرمۇ كۆرۈنەر؟ يەنىلا كاراۋان خانىم ئېرىدىن يۈرەكلىكىكەن. ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بۇرىدى ۋە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۆيئىچى خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز ۋە ئورۇق ئادەم قىياپىتى ئۇيان - بۇيان ھەرىكەتلىنەتتى. موماي ئورنىدىن تۇرغانىدى. ئۇ ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغاچقا، تېخى دېگەندەك ئەسلىگە كەلمىگەنىدى. ئۇ بېلىنى تايىنىپ يان تەرىپىگە بۇرۇلدى ۋە مېيىت ساندۇقىنىڭ يېنىدىكى ئۈچ تال شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى. سەل ئەسلىگە كەلگەندە كارىۋاتتىن

چۈشۈپ كىيىملىرىنى ئىزدىدى. پاكار ئىشكاپنىڭ غايىب بولغانلىقىنى سېزىپ، دەسلەپتە تېڭىرقاپ قالدى. كېيىنچە كىيىملىرىنى ساندۇقتىن تېپىپ ئالدىرىماي، ھودۇقماي ئۇچىسىغا ساپتى. ئاندىن لىپمۇلىق بىر جاۋۇر سۇنى يەرگە چېچىۋەتتى، سەمشىت دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى تېخىچە ئېسىقلىق تۇرغان ئەينەكنىڭ كەينىگە ئىرغىتىپ تاشلىدى. ئورۇندۇقلارنى جايىغا يۆتكەپ قويدى. ئوغلى بىلەن كېلىنى كىرگەندە ئۇ پەسكە چۈشمەكچى بولۇۋاتاتتى.

كاراۋان يۈگۈرۈپ بارغان پېتى ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ سۆيدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىلدايتتى. خوتۇنى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇۋېلىپ ساختىپەزلىك بىلەن:

— بەك ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى! — دەيتتى.

شۇغىنىسى، موماي تەسىرلىنىپمۇ قويمىدى. ئۇ ھەتتا ئىككىيلەننىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنىمۇ چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇزدەك چىرايى ھەيكەلگىلا ئوخشايتتى.

— تاماق تەييار بولدىمۇ؟ — سورىدى موماي سوغۇقلا قىلىپ.

ئوغلى گاڭگىراپلا قالغانىدى.

— تەييار بولدى، ئانا، بىز سىزنى ساقلاپ ئولتۇردۇق، — دېدى ئۇ تىلى كالۋالىشىپ.

كاراۋان باشقىچىلا مۇلايىملىشىپ ئانىسىنى قولتۇقلىۋالدى. خوتۇنى شامنى قولىغا ئالدى. ئۇ خۇددى كېچىدە مەرمەر يۇزلۇكنى كۆتۈرگەن ئېرىگە يولنى يورۇتۇپ بەرگەن سىياقىدا پەلەمپەيلەردىن بىر - بىرلەپ كەينىچە چۈشۈپ يول باشلاپ ماڭدى.

ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكەندە پەستىن چىقىۋاتقانلارغا ئۇرۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. چارېنتوندا تۇرىدىغان تۇغقانلار كەلگەنىدى. بۇلو خانىم ئالدىدا، ئېرى كەينىدە كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

ئايال ئېگىز ۋە سېمىز ئىدى، قورسىقىدا سۇلۇق ئىششىق بولۇپ، كەينىگە غادىيىپ ماڭاتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئېرى موزدۇز بولۇپ، سوتسىيا- لىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. پاكار كەلگەن بۇ ئادەم- نىڭ يۈزىنى قۇلىقىغىچە ساقال بېسىپ كەتكە- نىدى، قارىماققا مايمۇنغىلا ئوخشايتتى. ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ كەتمەستىن:

— ھوي، بۇ قانداق ئىش، ئۇ تىرىلىپ قاپتۇغۇ! — دەپلا قويدى.

كاراۋان خانىم ئۇلارنى كۆرۈپلا كۆزلىرىنى قىسىپ ھەرقىسما ئىشارەتلەرنى قىلىپ كەتتى.

— ھوي! بۇ قانداق بولغىنى! ... سىلەر ئىكەنسىلەرغۇ! تەرەپباللا كېلىپ قاپسىلەرغۇ! — دېدى ئۇ.

لېكىن بۇلو خانىم گاڭگىراپلا قالغانىدى، ئۇ يەڭگىسىنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنىمۇ چۈشەنمىدى.

— ئۆزۈڭلار تېلېگراممىا بېرىپ چاقىر- دىڭلارغۇ، بىز تېخى توگەپ بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.

ئېرى ئۇنى دۈمبىسىگە نوقۇپ ئېغىز ئاچقۇزمىدى. ئاندىن ئارىدىكى قولايسىزلىقنى توگەتمەكچى بولۇپ، بومبا ساقىلىنىڭ تېگىدىن زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجايدى:

— ئىلتىپاتىڭلارغا بىنائەن دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت دەپ ئۇچقاندەكلا كەلدۇق.

بۇ گەپ ئىككى ئائىلىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئاداۋەتلىشىپ كېلىۋاتقىنىغا دارىتمىلاندى. شۇ ئەسنادا، موماي پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى. كۆيۈئوغلى ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزىنى ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە تەگكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى ئاڭلىماي قالمىسۇن دەپ قۇلاقلىرىغا ۋارقىرىدى:

— ياخشىمۇسىز ئانا؟ يەنىلا شۇنداق ساغلام تۇرۇپسىز، شۇنداقمۇ؟

بۇلو خانىم ئاللىنقاچان ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلىغان ئادىمىنىڭ ساپساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەككە - دۈككىچىلىكتە تۇرۇپلا قالدى، ھەتتا بېرىپ ئانىسىنى سۆيۈپ قويۇشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ باداڭدەك قورسىقى پۈتكۈل

پەلەمپەينى قاپلاپ، باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇۋالدى.

موماي غەلىتىلىك ھېس قىلىپ گۇمانلىنىپ قالدى. لېكىن، زوۋان سورمەي ئۆپچۆرىدىكىلەرگە قارايتتى. ئۇنىڭ كۆل رەڭ كۆزلىرى ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلەتتى، كۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر تىڭتىڭلىماقچى بولۇۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بالىلىرى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشتى.

كاراۋان سولغۇن ـ سالا قىلماقچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئانامنىڭ باياتىن سەل مىجەزى بولماي قالغان، ئەمدى ئوڭشىلىپ قالدى، پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى، شۇنداقمۇ ئانا؟

ــ تۇرۇپلا ئېسىمنى يوقىتىپ قويدۇم، ــ دېدى موماي ئالدىغا ماڭغاچ، ــ بىراق سىلەرنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىڭلارنى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭلارنى بىلىپ ياتتىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك ئارانلا ئاڭلىناتتى.

بۇ گەپتىن كېيىن ئارىنى ئوڭايسىز جىمجىتلىق باستى. ھەممەيلەن تاماقخانىغا كىرىشتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن كەچلىك تاماق تارتىلدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇلۇ ئەپەندىلا تەمكىن ئولتۇراتتى. ئۇ ئورانگۇتاننى ئەسلىتىدىغان تەلەتىنى خىلمۇخىل تۇسكە كىرگۈزۈپ ياپتا گەپلەرنى قىلاتتى. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى.

بۇ ئىشلارغۇ بىر چەتتە تۇرۇپ تۇرسۇن، كاردوردا ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جاراڭلايتتى. پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن روزالى تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا كارىۋاتنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى. كاراۋان ئالمان ـ تالمان سالفېتكىنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى. بۇلۇ ئەپەندى ھەتتا ئۇنىڭدىن بۈگۈن مېھمان كېلىدىغان كۈنمۇ دەپ سورىدى.

ــ ياق، ياق، ــ دېدى ئۇ گاچىلىشىپ، ــ ئەرزىمەس ئىشلار، ھېچقىسى يوق.

كېيىنچە بىر ئادەم كىچىك بىر بولاق نەرسىنى ئەكېلىپ بەردى. كاراۋان ئۇقۇشماي ئېچىپ قاراپ سالدى. ھېلىقى نەرسە رامكىغا ئېلىپ بېسىلغان مۇسىبەتنامە ئىدى. كاراۋان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى ۋە بولاقنى غاچچىدە يۆگەپ جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

ئانىسى ئۇنىڭغا سەپسالمىدى. موماي تام مەشنىڭ تاكچىسىدا تۇرغان ئۇستەل سائىتىگە قاراپلا قالغانىدى. كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، ئوڭايسىز ئەھۋال ئادەملەرنى بارغانسېرى ئوسال قىلىۋاتاتتى.

موماي جادۇگەرنىڭكىدەك قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزىنى بۇرىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇغەمبەرلىك بىلەن چاقنىدى.

ــ دۈشەنبە كۈنى قىزىڭنى ئەكەلگىن، ئۇنى سېغىندىم، ــ دېدى ئۇ قىزىغا.

بۇلۇ خانىمنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

ــ ماقۇل، ئانا، ــ دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

كاراۋان خانىمنىڭ چىرايى ئۆڭۈپلا كەتتى، ئۇ ئېسىدىن كەتكىلى تاسلا قالغانىدى.

ئىككى ئەرنىڭ پارىڭى قىزىۋاتاتتى. ئۇلار يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن سىياسىي ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. بۇلۇ تۈرلۈك ئىنقىلابىي كوممۇنىزم تەلىماتىنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇ ھاياجانلىنىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى، كۆزلىرى يوغىلۇق يۈزىدە پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

ــ مال ـ مۈلۈك، ــ دەپ توۋلىدى ئۇ، ــ ئەپەندى، يەر ـ زېمىن ئاۋامغا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. مىراسخورلۇق ھوقۇقى بىر خىل چۈشكۈنلۈك، بىر خىل ھاقارەت! ...

لېكىن، ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىرەر ئەخمىقانە گەپ قىلىپ قويغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. بىرھازادىن كېيىنلا سىلىقراق قىلىپ قوشۇپ قويدى:

ــ لېكىن ھازىر بۇلارنى مۇنازىرە قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ شىناي «دوختۇر» كىرىپ كەلدى. دەسلەپتە ئۇ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. لېكىن، شۇ ھامان ھېچنېمە بولمىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— ھا، ھا! — دېدى ئۇ مومايىنىڭ قېشىغا كېلىپ، — چوڭ ئانا! بۈگۈن چىرايىڭىز بەك ياخشىغۇ! ئاھ! مەن مۇشۇنداق بولىدىغىنىنى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم، ھېلىمىراق بىناغا چىقىۋاتقىنىمدا ئۆزۈمگە، «باغلىشىمەنكى، بۇزرۇكۋار يەنە ھوشىغا كېلىدۇ» دېگەنىدىم، — ئۇ مومايىنىڭ دۈمبىسىگە پەپىلەپ قويغاندىن كېيىنى داۋاملاشتۇردى، — چوڭ ئانىمىز بەئەينى يېڭى كۆۋرۈك① تەك. مەزمۇت! قاراپ تۇرۇڭلار جۇمۇ، ئۇ ھەممىمىزدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

ئۇ ئولتۇردى. ئۆزىگە سۇنۇلغان قەھۋەنى ئالدى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى ئەرنىڭ مۇنازىرىسىگە قوشۇلدى. ئۇ بۇلونىڭ پىكرىنى قوللايتتى، چۈنكى ئۆزىمۇ كوممۇنا②نىڭ ئىشلىرىغا چېتىلىپ قالغانىدى.

مومای ھاردۇق يەتكەندەك ھېس قىلىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە قاراپ ماڭدى. كاراۋان ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. لېكىن، مومای ئوغلىغا مىختەك تىكىلىپ، «ئىشكاپىم بىلەن ئۈستەل سائىتىمنى ھازىرلا ئاچىقىپ بەر» دېدى - دە، ئۇنىڭ «لەببەي ئانا» دېيىشىنىمۇ كۈتمەستىن قىزىنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتتى.

ئەر - خوتۇن كاراۋانلار زۇۋان سۈرەلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار ئېغىر - بالا قازاغا دۇچ كەلگەندەك لاسىدە بوشىشىپلا كەتكەنىدى. بۇلو گىدەيگىنىچە قوللىرىنى ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن، قەھۋەنى ئوتلاپ قويدى.

كاراۋان خانىم قاتتىق تىرىكتى. ئۇ بۇلو ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ چالۋاقاپ كەتتى:

— ھۇ ئوغرى، كۆكەرمە لۈكچەك... يۈزۈڭگە تۈكۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ جۇمۇ... مەن...

كاراۋان خانىم دېمى كېسىلىپ گەپ تاپالماي توختاپ قالدى. بۇلو ئەپەندى بولسا ھىجايغىنىچە قەھۋە ئىچىۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا بۇلو خانىم ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشتى. ئەمدى كاراۋان خانىم قېيىنسىڭلىسىغا قاراپ ئېتىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى تىكلەپ قويغان تاغاردەك يوغان بولۇپ، باداڭدەك يوغان قورسىقىغا قاراشنىڭ ئۆزىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. يەنە بىرى قورايدەك قاقشال، ئورۇق ئىدى. خۇددى تۇتقاقلىقى تۇتقاندەك قوللىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ پۇلاڭلىتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈنلىرى پۈتۈپ كەتكەنىدى، قوللىرى غالىلداپ تىترەيتتى. ھە دەپ بىر - بىرىنى تىللايتتى.

شىناي بىلەن بۇلو كېلىپ ئۇلارنى ئاجراتتى. بۇلو خوتۇنىنىڭ بىلەكلىرىدىن قاماللاپ، ئۇنى ئىشىكتىن ئىتتىرىپ چىقاردى.

— يوقال، دۆت ئېشەك، ۋارقىرىما! — دېدى ئۇ دوق قىلىپ.

ئۇلارنىڭ كوچىدا كېتىۋېتىپمۇ توختىماي جېدەللىشىۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىرپەستىن كېيىن شىناي ئەپەندىمۇ خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

ئۆيدە بىر - بىرىگە روبىرو تۇرغان ئەر - خوتۇن كاراۋانلارلا قالدى.

كاراۋان ئورۇندۇققا لاپچىيىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ چېكىلىرىدىن بۇژۇلداپ سوغۇق تەر چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا ئۇ غودۇڭشىپ قويدى:

— ئەمدى بۇلۇم باشلىقىغا نېمىمۇ دەرمەن؟

(مۇپاساننىڭ ھېكايىلەر توپلىمىدىن)

① يېڭى كۆۋرۈك — پارىژ سېينا دەرياسىدىكى كۆۋرۈك.
② كوممۇنا — 1871 - يىلىدىكى پارىژ كوممۇنىسىنى كۆرسىتىدۇ.

# پاك دۇنيا

پېتېر شتام (شۋېيتسارىيە)

ئۆمەرجان ئامۇت تەرجىمىسى



مۇھەررىردىن: پېتېر شتام 1963 ـ يىلى شۋېيتسارىيە تورگاۋ ئىشتاتى ۋېينفېلدېندا تۇغۇلغان. دەسلەپتە سودا كەسپىنى ئۆگەنگەن، كېيىن ئالىي مەكتەپتە ئىنگىلىز تىلى ئەدەبىياتى، پسىخولوگىيە ۋە روھىي كېسەللىكلەر ئىلمىنى ئۆگەنگەن. 1990 ـ يىلىدىن تارتىپ مۇخبىرلىق ۋە ئىختىيارىي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۋېيتسارىيەنىڭ «يېڭى سيۇرىخ گېزىتى»، «كۈندىلىك خەۋەرلەر» قاتارلىق مۇھىم گېزىتلىرى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىگە ئوبزور، رادىيو دىرامىسى، سەھنە دىرامىلىرى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يازغان. تۇنجى رومانى «ئاگنېس» 1998 ـ يىلى شۋېيتسارىيەدە نەشردىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي بازار تاپقان ھەم ئىككىنچى يىلى ئاۋستىرىيە «سالسبۇرگ لاۋلايز ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. بۇ كىتاب ئۇنىڭ «مۇنداق بىر كۈن» دېگەن يەنە بىر پارچە ئەسىرى بىلەن تەڭ شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. شتام جۇڭگودا ئىككى قېتىم زىيارەتتە بولغان.

شتام رومان يېزىشتىن باشقا، يەنە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېكايىچى، «نېپىز مۇز»(1999)، «تاشلانغان قورۇ» (2003)، «ئۆچمىمىز» (2008) قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى بار. شتام ھېكايىلىرىدە ئاساسىي جەھەتتىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان شۋېيتسارىيەلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ.

مەن كۆچۈپ كىرگەندە چۈش بولۇپ قالغان، لېكىن بۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر دېرىزىنىڭ زىيادە مەينەتلىكىدىن ئۆي ئىچى يەنىلا خىرە ئىدى. شۇڭا، يۇك ـ تاقامنى ئېچىشتىن ئاۋۋال دېرىزىنى تازىلىدىم. كەچتە كىرىس ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە خۇشاللىقىدىن ئېيىكونىڭ ئىسمىنى تۇۋلىۋەتتى.

ــ قاراڭ، مېھمىنىمىز نېمە قىپتۇ؟ ــ دېدى ئۇ.

ــ شۋېيتسارىيەلىكلەر بەك پاكىز ئەمەسمۇ، ــ دېدى ئېيىكو.

مەن كۈلدۈم. ئۇ ئاپرېل كۈنلىرى ئىدى. شۋېيتسارىيەدىن زېرىككەچكە نيۇيوركقا كەلدىم. تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ شۋېيتسارىيەلىك بىرى ئاچقان ساياھەت شىركىتىدىن

يېرىم يىللىق خىزمەت تاپتىم. بىراق مائاشىم بەكلا تۆۋەن ئىدى، ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيدە تۇرۇشقا ئاران يېتەتتى. ئۆيۈم دىمان كوچىسى بىلەن كلېرمونت كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا، ئىسپان تىلىدا سۆزلىشىدىغان رايوننىڭ بىر چېتىدە ئىدى. كوچىنىڭ قارشىسىدا ئېگىز، ئەمما تاقىر خىش ئۆيلەر بار ئىدى. ئاساسەن دېڭىزدەك لاتىن ئامېرىكىسىدىن كەلگەن ئادەملەر تۇراتتى.

بىرىنچى ھەپتىسى خىزمەتداشلىرىم بىلەن ھەر كۈنى دېڭىزدەك قاۋاقخانىلارغا چاپتىم. دەم ئېلىش كۈنلىرى كۆپىنچە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. چۈنكى، كرىس بىلەن ئېپىكو دوستلار يىغىلىشلىرىغا ياكى شەھەرگە كېتەتتى، شۇڭا ئۆي چۆلدەرەپلا قالاتتى.

يامغۇرلۇق بىر يەكشەنبە ئەتىگىنى ئۆيدىن چىقىپ ئەتراپنى ئايلاندىم. دەريا ساھىلىنى بويلاپ جەنۇبتىكى يانباغىرغا چۈشتۇم. ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان ماشىنىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئەمما پىيادىلەر كۆرۈنمەيتتى، بۇ ئايلىنىشىمدىن بەك ھۇزۇر تاپتىم. 100 ـ كوچىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر ئۆينىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان بىر ئادەمچىلىك كېلىدىغان راھىبنىڭ ھەيكىلىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ يالاڭ ئاياغ ھەيكەل قارا رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە خادسون دەرياسىغا يۈزلىنىپ تۇراتتى. يامغۇر بەك ئۇلغىيىپ كەتتى، كەينىمگە قايتتىم.

بىنانىڭ تۆۋىدىكى دۇكاندىن «نيۇيورك كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ ھەپتە ئاخىرىدىكى سانىدىن بىر پارچە سېتىۋالدىم. بۇ بىر كۈندىكى قالغان ۋاقتىمنى مۇشۇ گېزىتنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. كەچتە دېرىزە تۆۋىدىكى ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقاندا، قارشى تەرەپتىكى قىزىل نۇر لىپىلداپ تۇرغان بىر دېرىزە توساتتىن دىققىتىمنى تارتتى. زىلۋا بىر قىز بەللىرىنى ئېگىپ تىكلىمە چىراغنى ئۆچۈردى. بىر دەمدىن كېيىن بىر چىراغ لىپ قىلىپ يېنىپلا ئۆچتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دېرىزە قايتا يورۇمىدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن، يەنە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقىنىمدا، ئۇدۇل ئۆيدىكى ئۇ قىزنى قايتا ئويلىماسلىققا تىرىشتىم. ئۇنىڭ ئۆيى يەنىلا شۇ تىكلىمە چىراغدا يورۇدى، يەنە ئۇنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى بەكلا ئەۋرىشىم ئىدى، خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەكلا قىلاتتى. دېرىزىسى ئۇلۇغ ئېچىقلىق تۇراتتى، ئەمما مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم، پەقەت ئەتراپتىكى برودۋېي كوچىسىدا توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنا ئاۋازلىرى بىلەن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كۆۋرۈك تەرەپتىن كېلىۋاتقان پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىككىنچى تال تاماكىنى چېكىپ بولغىنىمدا، ئۇ قىزمۇ ئۇسسۇل ئوينىشىنى توختاتتى. ئۇ دېرىزىنى تاقاۋاتقان چېغىدا ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ يىگىرمە مېتىر نېرىسىدىكى قىزىل نۇرنىڭ ئىچىدە، مەن پەقەت ئۇنىڭ سىيماسىنىلا ئىلغا قىلالىدىم. ئۇ چىراغنى ئۆچۈردى، ئاندىن مەن ئۇنى كۆرەلەيدىغان دائىرىدىن چىقىپ كەتتى.

بىنا ئاستىدا نەچچە بالا يول بويىغا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىنى مىدىرلىتىپ ئويناپ، سىگنالىنى سايرىتىۋەتتى. شەھەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرىغا سىگنالنىڭ ئاۋازىمۇ قېتىلدى، ئەمما بىرەر ئادەممۇ بۇ ئاۋازغا ئېرەن قىلمىدى. تاماكا قالدۇقىنى كوچىغا تاشلىۋېتىپ دېرىزىنى ياپتىم، ئاندىن كىرىپ ياتتىم.

كرىس ئالاباما ئىشتاتىدىن كەلگەن، نيۇ-يوركتا ياشاۋاتقىنىغا نەچچە يىل بوپتۇ. ئۇ سىياسەتشۇناس، بىر دىنىي جەمئىيەتتە ئازغىنا پۇلغىلا ئىشلەيدۇ. ئېپىكو تېخى ئوقۇۋاتىدۇ، ئۆزىنى دىنسىز دەۋېلىپ، كرىسنى تېرىكتۇ-

رىدۇ. ئۇنىڭ ماركسىزمچى ھەم ئاياللار ھوقۇقى تەرەپدارى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

— ئاپامغا تېلېفون قىلغاندا، — دېگەندى ئېيىكو بىر قېتىم، — كىرىسنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايمەن. ئاپام مېنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدۇ، كىرىسنى ئۇنىڭغا بەچچىۋاز دەپ قويدۇم.

كىرىس كۈلدى، مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم.

— ئەگەر ئاپىڭىز كېلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئاتا - ئانام ناگاشىمادا، مانخاتتانغا كەلمەيدۇ.

بەزىدە كىرىس ئىككىمىز بىللە پىۋا ئىچىشىپ قالىمىز، شۇنداق چاغلاردا، ئۇ ئېيىكونىڭ سىياسىي قاراشلىرىدىن، جاھىللىقىدىن ۋە ھېسسىيات قارىشىدا ئۆزى بىلەن چوڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىدىن قاقشاپ قويىدۇ. ئۇ ئېيىكونى بەك سۆيىدۇ، ئەمما ئېيىكونىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغان - سۆيمەيدىغانلىقىغا بىرنېمە دېيەلمەيدۇ.

— ئۇ ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدۇ، — دەيدۇ كىرىس، — ھەتتا ماڭىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

خىزمەتداشلىرىم بىلەن سىرتلارغا چىقىشنىمۇ توختاتتىم. ئىشتىن چۈشۈپلا ئاساسەن ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن، ئاندىن دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ تاماكا چېكىمەن، بەزىدە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئۇ قىزنى كۆرۈشكىمۇ مۇيەسسەر بولىمەن.

ياز كەلدى، كوچا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىسسىپ كەتتى. ئېيىكو ياپونىيەگە ئۈچ ئايلىق قايتماقچى بولدى. مېڭىش ئالدىدا كىرىس ئىككىمىزنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— مەن يوق چاغدا كىرىسنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويارسىز، — دېدى ئېيىكو، — ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ.

كالىفورنىيەنىڭ ھارىقىنى ئىچكەچ، يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق.

— كىرىس بەك غەلىتە، — دېدى ئېيىكو، — سەھرا مۇزىكىسىغا ئامراق.

كىرىس ئوڭايسىزلىنىپ قالدى:

— ئاتا - ئانام دائىم سەھرا مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايتتى. بۇ پەقەت بۇرۇنقى چاغلارنى ئەسلەش ئۈچۈنلا، ئەمەلىيەتتە سەھرا مۇزىكىلىرىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەنمۇ دېيەلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا ماۋۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭ، — دېدى ئېيىكو، — «ئائىلە، تاتلىق ئائىلە».

ئۇ بىر پىلاستىنكىنى قويدى. كىرىس قارشى چىقتى، ئەمما ئەمەلىي ھەرىكەت قوللانمىدى.

«ئۇ كىچىك ئۆيدىن چۆرگۈلەپ كېتەلمەيمەن، ئىلگىرى شۇنچە ۋەيرانە بولسىمۇ، ھېچ يەر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.» بىر چۈشكۈن ئاۋاز ياڭرىدى. ئېيىكونىڭ چىن كۆڭلىدىن مۇنچە خۇشال كۈلگىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم، مەنمۇ كۈلدۈم. ئاخىرىدا كىرىسمۇ كۈلدى، كۈلكىسىگە دېلىغوللۇق ۋە خىجىللىق ئارىلاش ئىدى.

كېچە سائەت ئىككىلەردە ھۇجرامغا قايتىپ كىردىم، ھاراق ئىچكەچكە، ھەم گەپ بىلەن بولۇپ بەك جىق تاماكا چېكىۋەتكەچكە، بېشىم قېيىپ تۇراتتى. بىراق، دەرھال ئۇدۇلدىكى دېرىزىنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئاخىرقى بىر تال تاماكىنى چېكىۋېتىپ، قىزنىڭ يەنە ئەۋرىشىم بەللىرىنى ئېگىپ تىكلىمە چىراغنى ئۆچۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. شۇنداقتىمۇ يەنىلا شۇ تەرەپكە قاراپ بىردەم تۇردۇم، ئاندىن چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتتىم.

ئېيىكو يولغا چىقتى، كىرىسمۇ دائىم ئۆيگە قايتمىدىغان بولدى، بەزىدە مەست بولۇپ قېلىپ «ئۇنى سېغىندىم» دەيتتى.

1 - ئاۋغۇست، دۈشەنبە. ئايال باشلىقىم شۋېيتسارىيە كۆلۈبىدا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى، چۈشتىن كېيىن قويۇپ بەردى.

خىزمەتداشلىرىم بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دېڭىز بويىغا باردۇق. خىزمەت كۈنى بولغاچقا، دېڭىز بويىدا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. يۇيۇندۇق، قاراڭغۇ چۈشكەندە، بىر قۇم بارخانىنىڭ دالدىسىغا گۈلخان يېقىپ، كالا گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ يېيىشتۇق. بىرەيلەن ئۈنئالغۇ ئېلىۋاپتىكەن، شىۋېيتسارىيەنىڭ تولغىما ئۇسسۇل مۇزىكىسىنى قويۇۋەتتى.

مەن ئۆزۈم پىشۇرغان كاۋاپنى يەپ بولۇپ، قۇم بارخانلىرى ۋە چەكسىز دېڭىزغا قاراپ ماڭدىم. بۇ چاغدا ئاسمان، قۇملۇق ۋە دېڭىز ئۈچى بىرلا خىل رەڭگە، يەنى تۇتۇق ئەتىرگۇل رەڭگە ياكى سۇس قوڭۇر رەڭگە كىرىپ قالغاندى. يېشىنىپ سۇغا چۈشتۇم، دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئۈزدۈم، ئۈزۈۋەردىم، دولقۇنلار قىرغاقنى تۇسۇۋالغۇدەك جايغا باردىم. بۇ چاغدا ئۆزۈمنى تېخىمۇ يىراققا، ياۋروپاغا ئۈزۈپ بارالايدىغاندەك ھېس قىلدىم. مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان، تۇنجى قېتىم ئۆيگە قايتىش ئىستىكى تۇغۇلدى. تۇساتتىن قىرغاققا ئۈزۈپ بارالمايدىغاندەك ئەنسىزلىك قاپلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئۈزدۈم. قۇم بارخانلىرىغا قايتىپ چىققىنىمدا، بىرلىرىنىڭ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، قارىسام، بىر خىزمەتدىشىم قىز دوستى بىلەن قۇمدا يېتىپتۇ. قىزنىڭ ئامېرىكىغا كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان، مەخسۇس ئۇنى يوقلاپ كەلگەن چېغى، ئىككىسى ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ پۈتۈن بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى.

تۈن نىسپىدە ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. ئۆي قاراڭغۇ، ئەمما جىمجىت ئىدى. نەشىنىڭ پۇرىقى كەلدى، ئاشخانىدا بىرمۇنچە يۇيۇقسىز قاچىلار دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئاۋغۇستىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىرىس دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلدى، ئۇ ئالاباماغا ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ بارماقچى بولدى.

— ئۆزۈڭنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ئانام ھالىمدىن خەۋەر ئالىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — قاراپ تۇر، قايتىپ كەلگەندە ئۇن قاداق سەمرىپ كەتكىنىمنى كۆرىسەن.

كېچە، تومۇز ئىسسىق تېخى ئاخىرلاشمىغان، شەھەر مەركىزىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ساياھەتچىلەر توشۇپ كەتكەنىدى، ئەمما مېترو ئادەتتىكىدەك ئۇنچە قىستاڭ ئەمەس ئىدى. مەن تۇرۇۋاتقان رايوندا خېلى كەچتىمۇ سامبا ۋە سارسا ئۇسسۇلى مۇزىكىسى ياڭراپ تۇراتتى. ھەممە ئادەملەر ئىشىك ئالدىغا چىقىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. بىكارچى يىگىتلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ، ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان ماشىنىلارغا يۆلىنىپ تۇرۇشاتتى. قىزلار ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى، ئەرلەرگە زەن سېلىپ كۈلۈشەتتى، بەزىدە ئۇلارغا قاراپ بىر ـ ئىككى ئېغىز تۇۋلاپمۇ قوياتتى. ئاشىق ـ مەشۇقلار ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. ئۆيۈمنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىزنى ئويلىمىغىنىمغىمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتكەنىدى، بىراق ھازىر كوچىدىكى قىزلارنى كۆزىتىۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇمۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئېيىكو ئەۋەتكەن بىر پارچە ئاتكرىتكىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۈستىگە كىرىسنىڭ ئىسمى يېزىلىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئوقۇپ چىقتىم، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەخپىي گەپلەرمۇ يوق ئىكەن. ئاتكرىتكىنىڭ ئاخىرىغا، «سىزنى سۆيۈپ، ئېيىكو»دەپ يېزىلغانىدى.

ئاي ئاخىرىدىكى بىر كېچە، ئۆيدە ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى سىگنال ئاۋازىنىڭ ئادەتتىكىدىن يېقىنراق يەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. دېرىزىدىن قارىسام، نەچچە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بىزنىڭ كوچا تەرەپكە قايرىلدى. ئۇچىسىغا فورما كىيگەن ئەرلەر ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئاندىن جايىدا مىدىرلىماي

تۇردى. ئۇلار بېشىدىكى بىخەتەرلىك قالپىقىنى ئېلىپ، يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈشتى، ھەممىسى جايىدا جىم تۇراتتى، ئۇ تۇرقى شۇنداق غېرىب، ھەيكەلدەكلا بىلىنەتتى.

بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇلاشتى، ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى كوچىنى قامال قىلدى. بۇ يەردە ھېچ ئىش يۈز بەرمەپتۇ. بىردەمدىن كېيىن سىگنال ئاۋازى ئۆچتى. دېرىزىنى يېپىۋېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ھېلىقى ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئۇدۇل تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئوت ئۆچۈرۈش شوتىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. تۇنجى قېتىم ئۇنى تولۇق كۆردۈم، ئەمما بەك قاراڭغۇ بولغاچقا چىرايىنى يەنىلا ئېنىق كۆرەلمىدىم. ئۇ تۇتقۇچقا يۆلەنگىنىچە ماڭا قارىدى. مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا قاراۋاتقانلىقىمنى بايقاپ قېلىپ، كۆزلىرىنى قاچۇردى. ئۇ بەك ئورۇق، بويىمۇ ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. قىز بىر چەتكە قىيسىيىپ تۇرغاچقا، ئۇزۇن ھەم قارا چېچى بىر مۇرىسىگە يىغىلىپ قالغانىدى. چىمچىپىدە كېلىدىغان كوپتىسىغا پار قىلىپ تىزىغا كەلگۈدەك يوپكا كىيگەن، يالاڭ ئاياغ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ ئۆيىگە ئېتىشىپ كىرىپ كەتتى، تىكلىمە قىزىل چىراغنىڭ نۇرى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يورۇتتى. ئۇنى كوچىدا زادىلا ئۇچراتمىغانلىقىمغا جەزم قىلدىم.

تومۇز ئىسسىق نەچچە ھەپتە داۋاملاشقاندىن كېيىن، ھاۋا سەل سالقىن تارتىپ قالدى. ئەمما، ئاسمان يەنىلا كۆپكۆك، بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى، بىراق شەھەر كوچىلىرىدا مەيىن شامال ئەگىپ يۈرەتتى. ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا دوستلىرىم بىلەن دېڭىز بويىغا باردىم، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرى قۇرۇقلا تۇراتتى. بىز ساھىلدا ئولتۇرمىزغا يېتىۋېلىپ شامالدىن دالدىلىناتتۇق ياكى كىيىمىمىز بىلەنلا ساھىلنى بويلاپ مېڭىپ، دېڭىز دولقۇنلىرى تورتۇپ ئۆرلىتىۋاتقان قوڭۇر رەڭ قۇم بۇژغۇنلىرىنى تاماشا قىلاتتۇق.

بىر غېرىبانە يەكشەنبە، ھېلىقى ئۇسسۇلچى قىزنى زىيارەت قىلىشنى قارار قىلدىم. بىرەر ئادەم بىلەن پاراڭلاشمىغىنىمغا ئىككى كۈن بوپتۇ، ئىچىم بەك سىقىلدى، كوچىنى كېسىپ ئۆتتۇم، چىڭقىچۇش ئىدى، ھاۋا سەل ئوچۇقتەكمۇ قىلاتتى، ئۇدۇلۇمدىكى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇشۇمغا، يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. دەسلەپتە نەچچە تال چوڭ - چوڭ يامغۇر تامچىسى سېمونت پەلەمپەيگە چۈشتى، ئاندىن بىردەمدىلا ئەدىگىلى تۇردى. ئەينەك ئىشىكلىك كارىدورغا سەكرەپ كىرىۋالدىم، ئىچىدە بىر تام سائەت ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، پەلەمپەينىڭ يېنىدىكى ئۆي قۇلۇپلاقلىق ئىكەن.

سىرتتىكى يامغۇر كۈچىيىپ، ئەينەك ئىشىككە تارسىلداپ ئۇرۇلغىلى تۇردى، ئاسفالت يولنىڭ پۇرىقى كۆتۈرۈلدى. تۆمۈر رېشاتكىلىق ئىشىكتىن زالغا سەپسالدىم، ئىچى جىمجىت ھەم قاراڭغۇ ئىدى، موزايىكا يېپىشتۇرۇلغان پولنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا سېمونتتا ياماق سېلىنغان، تام بېغىر رەڭدە ئاقارتىلغانىدى. ئارقا تەرەپتىكى لىفت ئىشىكىنى كۆردۈم، يېنىدا ئۇستىگە تۇتاشقان تار پەلەمپەي بار ئىكەن، ئۇلارنى كىچىككىنە مەينەت دېرىزىدىن چۈشكەن نۇر يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر بۇلۇڭدا بىر باللار ھارۋىسى، يەنە بىر بۇلۇڭدا داتلىشىپ كەتكەن ۋېلىسىپىت تۇراتتى.

بىر ئايال بىر ئىتنى يېتىلىگىنىچە لىفتتىن چىقىپ كەلدى، زالدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماڭا قارىدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، مېنىڭ چىقىۋېلىشىمنى كۈتتى:

— بۇ يامغۇرنى قارىمامدىغان، تەلەيلىك

ئىكەنسىز، كىمنى ئىزدەيسىز؟

— بۇ يەردە يامغۇردىن دالدىلىنىپ تۇرغان، — دېدىم مەن، — يامغۇر توختىسا...

— ئىتىمنى ئايلاندۇرغىلى چىققان، — دېدى ئۇ، — ماۋۇ ھاۋانى... سىز بۇ يەرلىك ئەمەسقۇ دەيمەن؟

— شۋېيتسارىيەدىن كەلگەن، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— گۈزەل دۆلەت، — دېدى ئۇ، — نەقەدەر پاكىز. مەن يۈئېرتورىكودىن كەلدىم. بىراق، بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئۇزاق بولۇپ كەتتى، نەچچە يىل بولدى.

— بۇ يەرنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — سورىدىم مەن.

— بىلمەيمەن، پۇئېرتورىكودا ياشاشقا ئامالسىز قالغاندىم، بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق بولدى، — دېدى ئۇ، — ئايلىنىپ كەلسەم ياخشى بولۇپ قالاتتىم. سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

ئۇ بۇرۇلۇپ لىفىت تەرەپكە ماڭدى، ئىتى ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

مەن پوتۇمنى بوسوغىغا ئېلىپ يەنە يىغىۋالدىم، ئىشىك قاتتىق يېپىلدى. يامغۇر پەسەيدى، يۇگۈرۈپ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۆيگە قايتىپ كىردىم. بەك توڭلاپ كەتكەنىدىم، ئىسسىق سۇدا يۇيۇندۇم، ئەمما بۇمۇ كار قىلمىدى، ئۆي ھەم سوغۇق، ھەم نەم ئىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن كىرىس قايتىپ كەلدى. بىز نەچچە گۈزەل ئاخشامنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. تاماق يېگەچ، يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشتۇق. ئېنىكو قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى شۇ كۈنى، كىرىس ئىككىمىز سەھرا مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاچ چوڭ تازىلىق قىلدۇق.

— ئۇنىڭغا نەشە چەككەنلىكىمنى دېمە، — دېدى كىرىس.

— ئەلۋەتتە دېمەيمەن، — دېدىم مەن، — بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى.

— بىز دېگەن دوست، — دېدى كىرىس، — ئەرلەر ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك.

— ئىتتىپاقلىشىپ كىمگە تاقابىل تۇرىمىز؟ — سورىدىم مەن، ئىچىمدە «بىز تېخى دوست ھېسابلانمايمىز» دەپ ئويلىدىم.

كىرىس كۈلدى:

— ئىلگىرى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ چېكەتتىم، ئەمما ئېنىكو بىلەن ئارىلاشقاندىن بۇيان ئاساسەن چەكمەس بولدۇم. ئۇ ياقتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېنىمدا بولسا، ماڭا نەشىنىڭمۇ كېرىكى يوق.

ئارقىدىنلا ئېنىكو قايتىپ كەلدى، كىرىسمۇ ماڭا دىققىتىنى ئاغدۇرماس بولدى. ئۇ ئىككىسى دوستلىرىنى يوقلاش بىلەن ئالدىراش بولدى، مەن كىنوغا باراتتىم، ئۆيدە بولۇپ قالسام، ھۇجرامدىن چىقمايتتىم. ھەپتىنىڭ ئاخىرلىرىدا كۈن بويى كىتاب ئوقۇيتتۇم، سىرتقا پىۋا ۋە تاماق سېتىۋالغىلى چىقىپ قالاتتىم. ئۇسسۇلچى قىزغا بولغان قىزىقىشىممۇ سۇسلاپ كەتتى، ئۇنى ئويلىماس بولدۇم. بەزىدە ئۇنى كۆرۈپمۇ قالاتتىم. غوۋا ئۆيدە ئولتۇرغان ئۇسسۇلچى قىزنى ئاران تەستە تونۇۋالاتتىم.

بىر كۈنى كەچتە، دېرىزە تۈۋىدە تاماكا چېكىۋېتىپ، بىرىنىڭ پەستە ئىسمىمنى توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. پەسكە قارىسام بىر ياش قىز بۇدۇر تۈكلۈك بىر ئىتنى يېتىلەپ پەلەمپەيدە تۇرۇپتۇ. ئۇ قىز ماڭا قول پۇلاڭلاتتى.

— دوستۇم ئۈچۈن كەلدىم، — دەپ توۋلىدى ئۇ، — دوستۇم ئۇدۇلىڭىزدا ئولتۇرىدۇ، دائىم دېرىزىدىن سىزنى كۆرىدىكەن.

— ھەئە، — دېدىم مەنمۇ ۋارقىراپ، — مەنمۇ ئۇنى كۆرىمەن.

— ئۇنىڭ سىز بىلەن تونۇشقۇسى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ يەنە ئۇنلۇك ئاۋازدا، ھەم دوستىنى ئايىماقچى بولغاندەك قوشۇپ قويدى، — ئۇ مېنى سىزگە دېگىلى قويمىغان.

— ھە، — دېدىم مەن توۋلاپ، ئاندىن ياغاچتەك قېتىپلا قالدىم. ھەر ئىككىلىمىز جىمىپ كەتتۇق.

— ئۇنىڭ ئىسمى مارگارىتا. سىزگە ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى كېرەكمۇ؟ — دېدى ئۇ قىز.

قىز ماڭا ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بەردى-دە:

— ئۇ مېنى كەلگىلى قويمىغان، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

— ھەيران قالدىم، — دېدىم مەن، — ئەجەبمۇ ياخشىكەنسىز، ئاتايىتەن كېلىپ ماڭا ئېيتىپسىز.

قىزىل چىراغلىق ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قارىدىم، بىراق ئۇ قىزنى كۆرمىدىم. كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋېلىپ، نەچچە قېتىم چوڭ-چوڭ نەپەس ئالدىم. ئاندىن كارىۋات يېنىدىكى تومپۇچكىغا قويۇلغان تورۇپكىنى قولۇمغا ئېلىپ نومۇر باستىم.

— ياخشىمۇسىز؟ — يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ياخشىمۇسىز! — دېدىم مەن، — مەن دېرىزىڭىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھېلىقى يىگىت، قىز ئۇياتچانلىق بىلەن كۈلدى.

— تېلېفون نومۇرىڭىزنى دوستىڭىز بەرگەن.

— ئۇنداق قىلغۇم يوقتى، — دېدى قىز ئاستاغىنا.

— كۆرۈشسەك بولامدۇ؟

— ماقۇل، ئىسمىم مارگارىتا.

— بىلىمەن، — دېدىم مەن، — ھازىرلا؟

— ئىشقىلىپ، مەن ئىنگىلىز تىلىنى تازا بىلمەيمەن.

— پىۋا ئىچكىلى بارايلىمۇ؟

قىز بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى:

— ئەتە بارايلى.

— ئەمسە سائەت 8 دە ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىدا ساقلايمەن، بولامدۇ؟ — دېدىم مەن.

— بولىدۇ.

— خەيرلىك كەچ، مارگارىتا.

— خەيرلىك كەچ.

ئەتىسى بۇ ئۇچرىشىشقا بېرىش-بارماسلىقنى ئويلىشىپ، بىر كۈن جىددىيلەشتىم. سائەت 8 دە مارگارىتانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ساقلىدىم، ئەمما ئۇ چىقمىدى. بىر چارەك ساقلىدىم، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ چىقىپ تېلېفون قىلدىم. دېرىزە تۈۋىدە، كۆزلىرىمنى بىر دەقىقىمۇ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئۈزمىدىم.

مارگارىتا تېلېفوننى ئالدى:

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئۇ.

— ياخشىمۇسىز! پىۋا ئىچكىلى ماڭايلىمۇ؟

— ھازىرمۇ؟ — سورىدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— سائەت 8 بولدى.

— سائەت 8.

— شۇنداق.

— سىز دېرىزە تۈۋىدىمۇ، توختاپ تۇرۇڭ، قول پۇلاڭلىتىمەن.

ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ، تىكلىمە چىراغنى غۇۋا كۆرگەندەك بولدۇم. ئاندىن تېلېفوندىن مارگارىتانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مېنى كۆردىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ياق.

— ئەڭ ئۈستىدە، — دېدى ئۇ، — ئوتتۇرىسىدا، دىققەت قىلىڭ، يەنە بىر قاراڭ.

— ماقۇل، ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن.

ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قەۋىتىگە قارىدىم، لېكىن يەنىلا ھېچنېمىنى

كۆرەلمىدىم. ئارقىدىن بۇ ئىككى ئۆيدىن باشقا بىر ئۆيىنىڭ دېرىزە تۈۋىدە بىرىنىڭ قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— مېنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى مارگارىتا ئارقىدىن.

— ھەئە.

— ھازىرلا چۈشىمەن.

— ماقۇل، — دېدىم مەن، — مەنمۇ ھازىرلا چۈشىمەن.

مارگارىتا گۈزەل، نازۇك قىز ئىدى. ئۈچىسىغا پادىچىلار ئىشتىنى بىلەن گۈللۈك كوپتا كىيىۋالغانىدى، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالمايدىغانلىقىمغا كېسىپ بىرنېمە دېيەلمىدىم، ئەمما ئۇ مەن ئۈچۈن ناتونۇش ئىدى. مەن نەچچە ئايدىن بۇيان تونۇغان شۇ قىز ئەمەس. بىز يانمۇيان چوڭ يولدا كېتىۋاتىمىز. بىرودۋېي كوچىسىغا ئەگىلىپ تۇرۇشىمىزغا، كىرىس ئالدىمىزدىن چىقىپ قالدى. ئۇلارنى مۇنداقلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. كىرىس بىزگە شادلىق تىلىدى.

بىز بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. قاۋاقخانا سەل ۋاڭ - چۇڭ ئىدى. مارگارىتا ئىنگلىز تىلىنى ئازراقلا چۈشىنەتتى. ئۇ كوستارىكادىن كەلگەنلىكىنى، ئامېرىكىغا كەلگىنىگە ئىككى ئاي بولغانلىقىنى، ھەدىسى بىلەن يېزنىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، ئۇلار كوندۇزى ئىشقا كەتسە، كۈن بويى ئۆيدە يالغۇز قالىدىكەن. بەك زېرىكىدىكەن. ئۇنىڭدىن خىزمەت ئىزدەپ باقمىدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىسام بەك ھەيران قالدى، بۇ يەرگە پەقەت ئىككى ئايلىق دەم ئېلىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— سىز كۈن بويى نېمە قىلىسىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— دېڭىز بويىغا بارىمەن. كوستارىكادا نۇرغۇن گۈزەل دېڭىز ساھىللىرى بار ئىدى.

— نيۇيوركتىمۇ نۇرغۇن گۈزەل دېڭىز ساھىللىرى بار، — دېدىم مەن.

ئۇ كۈلۈپ، بېشىنى چايقاپ قارشى پىكىردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى:

— كوستارىكادا پالما بار، قۇملىرىمۇ ئاق.

— بۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرىسىز؟

— بىلمەيمەن.

— مەن شىۋېيتسارىيەلىك، — دېدىم، ئەمما ئۇ شىۋېيتسارىيەنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىكەن. گېپىمىز تۈگىدى، ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدۇق، بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ پىۋا ئىچىشتۇق. مارگارىتانىڭ قولىدىن يېتىلىۋالدىم، ئاندىن يەنە قويۇپ بەردىم. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا خوشلاشتۇق.

— ئۇزاق ئۆتمەي شىۋېيتسارىيەگە قايتىمەن، بەكمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دېدىم. مارگارىتا كۈلدى، قارىماققا گېپىمنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

— پىۋىڭىزگە رەھمەت، — دېدى ئۇ.

— سىزگە ئامەت تىلەيمەن، — دېدىم مەن.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە كۈندە، دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئۇدۇلۇمدىكى دېرىزىگە قاراش قېتىم سانىمنى ئىمكانقەدەر ئازايتتىم. تاماكا چەككۈم كەلسە، سىرتتىكى دەريا بويى باغچىسىغا باردىم. يامغۇر يېغىپ قالسا گېنېرال گرانت خاتىرە سارىيىنىڭ پەشتىقى ئاستىدا تۇردۇم. بەزىدە 100 - كوچىغىچە مېڭىپ بېرىپ بۇددا راھىبىنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتىم. ھەيكەلنىڭ ئاستىدىكى مىس تاختىغا ھەزرىتى ھۇيارالڭ دەپ يېزىلغانىدى. ئۇ جودوشىنشو مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. خىروسىمادىن كەلتۈرۈلگەن بۇ ھەيكەل ئۇ يەر ئاتوم بومبىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىمۇ بۇزۇلمىغانىدى. كەچتە ئېيكودىن

جودوشىنشو مەزھىپى ھەققىدە سورىدىم.

— بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ياق، — دېدىم مەن، — مېنىڭ قايتا تۆرەلگۈم يوق.

— ھۇيارالڭ ھەزرىتىدىن تارتىپ كىشىلەر ئامىتاباغا ئىشىنىشكە باشلىغان، شۇ ئارقىلىق پاك دۇنياغا ئۇلاشقان.

— سىز پاك دۇنيانىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ — سورىدىم.

— شىۋېيتسارىيە، — ئېيىكو كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن مۈرىسىنى قىسىپ قويدى، — ئەگەر پاك دۇنيانىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىڭىز، تۇرمۇشتا يېنىكلەپ قالىسىز.

— بىلمەيمەن، — دېدىم مەن.

— ئۈمىدۋار بولۇڭ.

يولغا چىقىدىغان كۈنلىرىم يېقىنلاپ، قولۇم ھېچ ئىشقا بارماس بولۇپ قالدى. دەم ئېلىۋاتقىنىمغا نەچچە كۈن بولدى، فوتو ئاپپاراتنى كۆتۈرۈۋېلىپ شەھەرنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئارىلاپ، خاتىرە قالدۇرماقچى بولغان نەچچە جاينى سۈرەتكە تارتتىم. ئۆزۈم تۇرغان رايون، ياخشى كۆرىدىغان قاۋاقخانا، سېتاتېن ئارىلى كېچىكى، يەنە مەن خىزمەت قىلغان سودا رايونى قاتارلىق جايلارنى سۈرەتكە تارتىۋاتقان چېغىمدا، بۇ شەھەر مەندىن ئايرىلىپ، ئەسلىمە ئۈچۈن قېتىپ، رەسىمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بىلىندى.

بىر قېتىم ئۆزۈمنى تۇيۇقسىز ئۆيدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. باشتا سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدىم، سەل تۇرۇپ بىلسەم، نيۇيوركقا كەلگەندىن بۇيان، بۇ تۇنجى قېتىم چېركاۋ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىشىم ئىكەن.

يولغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى قار ياغدى. نەچچە سائەتتىلا شەھەرنى قېلىن قار قاپلىدى. رادىيو - تېلېۋىزىيەدە مېترونىڭ توختىغانلىقى ۋە شەھەردىن چىقىش يولىدا ئاپتوموبىللارنىڭ توسۇلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلدى. مونموس، فار روكاۋايلاردا كەلكۈن كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. كرىس بىلەن ئېيىكو دوستلار يىغىلىشىغا كېتىپ، كەچتە سىرتتا قونىدىغانلىقىنى، مەن مېڭىشتىن ئاۋال خوشلاشقىلى كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تېلېفون قىلدى.

— كېيىن سىلەرنى يوقلاپ كېلىمەن، — دېدىم مەن.

— ئەلۋەتتە، — دېدى كرىس، — ساڭا ئامەت تىلەيمەن.

مەن يۈك - تاقامنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، يىراقلارغا نەزەر سېلىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم. ھەممىلا قانالدا قاتتىق قار ۋە كەلكۈنگە ئائىت خەۋەرلەر بېرىلىۋاتاتتى. بىر قېتىم دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ تاماكا چەكتىم، ئۇسسۇلچى قىزنىڭ دېرىزىسى قاراڭغۇ تۇراتتى، مارگارىتامۇ كۆرۈنمەيتتى. تۆۋەندە بالىلار قار ئوينىشىۋاتاتتى. ئۇلارغا قاراپ بالىلىق چاغلىرىمنى، شۇ چاغدىكى قاردا دومىلاپ ئويناشلىرىمنى ئەسلىدىم. شىۋېيتسارىيەگە يەنە قايتىپ كېتىدىغانلىقىمدىن بەك خۇش بولدۇم.

ئارقىدىن بىر بالا گۇمانلانغان ھالدا ماڭا قار ئاتتى. قالغان بالىلارمۇ ماڭا قاراشتى. باشقا ئويۇنلىرىنى توختىتىپ، ھەممىسىلا قار توپلىرىنى ماڭا قارىتىپ ئاتقىلى تۇردى. ھېچقايسىسى بۇ ئېگىزلىككە يەتكۈزەلمىدى، ئەمما، ئارىسىدىكى بىرىنىڭ ئاتقىنى تۆۋەن تەرىپىمگە تېگىپ، قارلار يۈزۈمگە چاچرىدى. دېرىزىنى ئېتىپ، دالدا يەرگە ئۆتۈۋالدىم. بىر دەمدىن كېيىن بالىلارنىڭ ئويناشقان ئاۋازلىرى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قارىغاندا، ئۇلار مېنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق 3 - سانىدىن)

# ئىمزاسىز خەت

**ساۋرىنى لېلانك (فرانسىيە)**

**ئەسقەر ئەھمىدى تەرجىمىسى**

ئېلۋىي دۇنۇ ئىشكتىن چىقىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان خوتۇنىغا تاكى ئۇنىڭ قارىسى ئۆسمان كوچىسىدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردى، ئاندىن قايتىپ كىرىپ كىتاب شىرەسىنىڭ تارتمىسىدىن ئۆزى ئانچە ـ مۇنچە ئىشلىتىدىغان يانچۇق لۇغىتىنى ئېلىپ ھەربىر بەتكە بېسىلغان يوغان ھەرپلەرنى كېسىۋالدى ۋە ئۇنى بىر ۋاراق قەغەزگە چاپلىدى.

بىرپەستىن كېيىن ئۇ ھەرپلەردىن قىسقا بىر پارچە خەتنى قوراشتۇرۇپ چىقتى ـ دە، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

ھۆرمەتلىك خانىم، سىز مېنىڭ ئارامىمنى بۇزدىڭىز، سىزگە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يۈرەك سۆزلىرىمنى ئىزھار قىلىشقا ئىنتىزارمەن. ئەتە (سەيشەنبە) چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ئورمان باغچىسىدىكى جۇڭگوچە شىپاڭنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چىغىر يولدا ساقلايمەن.

ئۇ بىر دانە سېرىق رەڭلىك لېپاپىغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن:

«ئۆسمان كوچىسى 153 ـ نومۇر.

ئېلۋىي دۇنۇ خانىمغا» دېگەن ئادرېس ۋە ئىسىم ـ فامىلىنى قوراشتۇرۇپ چىقتى.

لېپاپىنىڭ ئاغزىنى چاپلاشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشىدىن تېنى جۇغۇلداپ غودۇردى:

— بۇ تولىمۇ پەسكەشلىك!

بىراق، ئۇنىڭ شۇنداق قىلماي ئامالى يوق ئىدى، توي قىلغىلى ئۈچ يىل بولدى، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە سادىق ۋە سادىق ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلىپ باققۇسى بار ئىدى. بىراق، كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇنى بىلىشكە ئامالسىز ئىدى.

دۇنۇغا نىسبەتەن مارتېلىنا (ئۇنىڭ ئايالى) بىر سىرلىق شەخس بولۇپ، يەشكىلى بولمايدىغان تېپىشماق ئىدى. ئۇ چىرايلىق ھەم ياش، ئائىلىسى باي ئىدى. بىراق، دۇنۇچۇ؟ ئاجىزلىق، نامراتلىق دەستىدىن ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىغا نىسبەتەن ھېچقانداق بىر ئوي ـ خىيال يوق ئىدى. مارتېلىنانىڭ ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشتىكى مۇددىئاسى نېمە؟ ئۇنى ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرۈپ چىن قەلبىدىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ بىر ئايالنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشى ناتايىن.

— سىزنى سۆيىمەن، — دەيتتى مارتېلىنا ھەمىشە ئۇنىڭ تەشۋىشلىنىپ سورىغان سوئالىغا، — سىزنى سۆيگەچكە سىزگە ياتلىق بولغان. يوقلاڭ خىياللاردا بولماڭ.

بىراق، دۇنۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ گەپلەرگە ئىشىنەلمەيتتى، ئۇ ئەلۋەتتە مارتېلىنانىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ھەقىقىي ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى ئىنكار قىلمايتتى، مارتېلىنا دائىم شۇنداق يېقىشلىق ۋە خۇشخۇي ئىدى. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن بەختىيارلىق ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ يېقىملىق بېقىشلىرىدىن سۆيگۈ ھېسلىرى بالقىپ تۇراتتى. دۇنۇنىڭ سۆزلىرىنى خۇددى ئىلاھىي كۈيلەرنى ئاڭلىغاندەك كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. بىراق، ئۇ مارتېلىنانىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىدەك بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. كۆڭلىدە ھەمىشە بۇنىڭدىن گۇمانلىناتتى. دەسلەپتە

ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، قوپال مۇئامىلە قىلدى. ئىچىدە كۆنداشلىق ئوتى لاۋۇلداپ، ئىنتايىن گۇمانخور بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئازابلىرى لاۋۇلداۋاتقان ئوت يالقۇنىغا ئوخشاش، كۈچىيىپ كېتەتتى.

بۇنىڭغا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ ـ دە، دۇنۇ خوتۇنىنىڭ بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرىگە يەنە نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەكچى بولاتتى. بۇ سىرلىق روھقا ئادەمگە ئېيتقىلى بولمايدىغان سىرلار يوشۇرۇنغانمىدۇ؟ بەزىدە دۇنۇنىڭ يېتەرلىك ئاساسى بولمىسىمۇ، بىراق قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان سەزگۈسىدە ئۇ ساختا ئاق كۆڭۈل ۋە قارا نىيەت ئىدى.

«بىر پاھىشەنىڭ روھى» دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە.

ھەقىقىي ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىستىكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزۈكسىز غەلىيان كۆتۈرمەكتە ئىدى. بۇنداق قىينىلىش ئادەمنى ئەڭ سەسكەندۈرىدىغان ھەقىقىي قىياپەتتىن ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ نۇرغۇن كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى. تالاي ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن كېيىن يەنە بىر ھەپتىلىك تېڭىرقاشنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاخىر نامىسىز خەت يېزىش قارارىغا كەلدى. ئەگەر مارتېلىنا ئۇنىڭ پەرىزىدىكىدەك ئايال بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئايىدەك جامالىغا ئەسىر بولغان تالاي ئەرلەرنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ماختاپ ئۇچرىشىشلىرىدىن خۇدىنى بىلمەي، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن چوقۇم ۋەدە قىلىشقان جايغا بارىدۇ، ئۇ چاغدا...

دۇنۇ ئۆيدىن تېزلىكتە چىقىپ، كوچىدا مەقسەتسىز ھالدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈردى. ئۇ بىردىنلا سېپىنا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى بىر كوچىدىن ئۆتۈپ، خەتنى ساندۇقىغا سېلىۋەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ۋە ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ سەل مىجەزىم يوق دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھوجرىسىدا يېتىۋالدى، خوتۇنىغا كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولماقتا ئىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۇ مارتېلىنانى ئاستىرتىن كۆزەتتى، ئىككىنچى قەۋەتتە خوتۇنىنىڭ ئادەتتىكىدەك كىرىپ ـ چىقىپ، كىتاب ئوقۇپ، ئارام ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. سائەت 3 ئەتراپىدا، ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ، پەرداز قىلىشقا باشلىدى. سائەت 4 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ھوجرىسىدىن چىقىپ، پەسكە چۈشۈپ، كوچىغا چىقىپ كەتتى.

دۇنۇ تېزلىكتە بىنادىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭماقچى بولدى. بىراق، مارتېلىنا كەينىگە بىرسىنىڭ چۈشكەنلىكىنى سېزىپ قالسا بولمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟

بىر تاكسى دۇنۇنى ئورمان باغچىسىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدى. ئۇ يەردىن جوڭگو ئۇسلۇبىدىكى شىپاڭنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چىغىر يولغا چۈشتى. بۇ يول دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان چىملىققا ياندىشىپ چوڭ يولغا تۇتىشاتتى. ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق باللار ئوينىماقتا ئىدى. بىراق، سەل يىراق جايدا ئورمانلىق بار ئىدى. ئۇ ئانچە قىينالمايلا ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان جايغا مۆكۈنىۋالدى.

بۇ چاغدا، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىتلىق ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ مارتېلىنانىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا خوتۇنىغا بەرگەن باھاسى پۈتۈنلەي ئوخشىماي قالدى.

«ئاھ سۆيۈملۈكۈم، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — مېنى كەچۈرۈڭ.»

سائەت بەش بولدى، ئۇ تېخى كەلمىدى. يەنە ئون مىنۇت ئۆتتى.

كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ماڭماقتا ئىدى، بەزىلىرى بىر ـ بىرىگە گىرە سېلىشقان ئاشىق ـ مەشۇقلار ئىدى، ئۇ بۇ جۈپ ـ جۈپ قىز ـ يىگىتلەرگە قاراپ، ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتى. گويا ئۆزىمۇ مۇشۇ خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلدى.

بىر توپ ئىشچىلار چىغىر يولدىن چىقىپ كەلدى. كېيىن يولدا بىرمۇ ئادەم قالمىدى. دۇنۇ

كەتمەكچى بولۇۋىدى، بىر كۆلەڭگە ئايلىنىدىغان جايدا پەيدا بولدى. ئۇ تۈۋلۈۋەتكىلى تاس قالدى. كەلگەن ئادەم دەل مارتېلىنا ئىدى!

ئۇ خۇددى سەيلە قىلىدىغان، تەبىئەتتىن ھوزۇرلىنىدىغان ئايالغا ئوخشاش ئاستاغىنا ماڭماقتا ئىدى. بىر قولىدا كونىلوك، بىر بىلىكىگە سومكىسى ئېسىلغانىدى. قارا چېغ شىلەپىسى ئۇنىڭ نۇرانە چىرايىنى توسۇۋالغانىدى.

مارتېلىنا ئۇنىڭدىن يىگىرمە مېتىر يىراق جايدا توختاپ، ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، ئادەم يوقلۇقىنى كۆردى - دە، يەنە داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

دۇنۇ خوتۇنىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزەتتى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئەنسىز، ھېلى چاتاق تېرىيدىغاندەك ئىدى. توساتتىن، ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، بىر تاپانچىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالدى.

ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن قورقۇپ، ھاياجىنىنى زورىغا بېسىۋالدى. كېيىن، خوتۇنى يېقىنلاشقانسېرى، ئەقلىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى.

— سەن ئاخىرى كەپسەن - دە! — ۋارقىرىدى دۇنۇ، — ئاغزىڭنى يۇم، گەپ قىلىشىڭغا بولمايدۇ.

ئۇ مارتېلىنانى ئىتتىرىپ، قالايمىقان ۋارقىرىدى. يەنە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. دەرۋەقە بىر توپ باللار قىزىقىپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇ مارتېلىنانىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئىتتىرگىنىچە پاكار ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى.

— ئاغزىڭنى يۇم! ... بىر ئېغىز گەپ قىلىشىڭغىمۇ رۇخسەت يوق، — دېدى ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — سېنىڭ ئىنكار قىلىشقا ئامالىڭ يوق... مېنىڭ ئىسپاتىم بار... ئىشەنچلىك ئىسپات، چۈنكى سەن بۇ يەرگە كەلدىڭ...

ئۇلار كۆل تەرەپتىكى چوڭ يولغا ماڭدى. شۇ ئەسنادا بىر ماشىنا يېتىپ كەلدى. ماشىنا ئىچى قۇرۇق. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىنى توختىتىپ، خوتۇنىنى كوچەپ ئىتتىرىپ ماشىنىغا چىقاردى. ئۇ شوپۇرغا ئادرېسىنى دەپ بەردى. ئاندىن ئۆزىمۇ ماشىنىغا چىقتى.

— بۇ قېتىم ئېيتارسەن! جاۋاب بەر! خۇددى جىنايەتچىگە ئوخشاش ئولتۇرۇپ نېمە ئىش قىلىسەن... ئۆزۈڭنى ئاقلىماقچىمۇ؟ ...

شۇنداق، مارتېلىنا قىمىر قىلمىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق رۇخسارى ئىنتايىن خاتىرجەم، ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى، چىرايىدىن ئازراقمۇ قورقۇش ۋە خىجىللىق ئالامىتى بىلىنمەيتتى.

— ماڭا جاۋاب بەر! — دەپ ھۆركىرىدى دۇنۇ، — ئۆزۈڭنى ئاقلىمامسەن؟

— ئۆزۈمنى نېمەدەپ ئاقلىغۇدەكمەن.

— بۇ گەپچە ئېتىراپ قىلدىڭ؟ ...

— مەندە ئېتىراپ قىلغۇدەك ھېچ ئىش يوق.

ئۇ مارتېلىناغا يەنە قوپال ھەم ئىنتايىن قەبىھ گەپلەرنى قىلدى:

— سەن بۈگۈن ئەتىگەندە بىر ئەر كىشىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدىڭ. ئۇ سېنى سائەت بەشتە ئورمانلىقتا ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ قويغانىدى... سەن كەلدىڭ! سەن كەلدىڭ، شۇنداقمۇ! سەن، مېنىڭ خوتۇنۇم! باشقىلار سېنى كەل دېسە سەن كەلدىڭ! ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بۇ ئەر كىشىنى زادىلا تونۇمايسەن... ھەي! سەن نومۇسسىز بىرنېمىكەنسەن. مەن سەندىن بۇرۇنلا گۇمانلىنىپ يۈرەتتىم...

ئۇ ئاغزى بېسىقماي تىللاپ، ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق مۇجۇدى، ئاغرىپ كەتكەچكە مارتېلىنا ۋارقىراپ تاشلىدى.

مارتېلىنانىڭ رەڭگى سەل تاتىرىپ كەتكەنىدى. دۇنۇ ھېلىقى گەپنى يەنە تەكرارلىدى:

— ئىقرار قىلدىڭ. سەن بۇ خەتنى

تاپشۇرۇۋالدىڭ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— سەن ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن كەلدىڭمۇ؟

— شۇنداق.

— بىراق، نېمە ئۇچۇن... نېمە ئۇچۇن... — دېدى دۇنۇ تىلىنى چاپىناپ غەزەپ بىلەن.

مارتېلىنا ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— مەن كەلدىم، چۇنكى مېنى كىمنىڭ ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم.

— سەن نېمە دېدىڭ؟ سەن...

— مەن بىلەتتىم. چۇنكى، ئۇ سىز يازغان ئىمزاسىز خەت ئىدى.

— يالغان ! سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى دۇنۇ، — سەن بۇنى بىلمەيسەن. بۇ سەن ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان گەپ ! ئىشەنگۇسى كەلمەيدىغان يالغان گەپ... بۇنى سەن قانداق بىلىسەن؟ ...

مارتېلىنا بىلىكىدىكى مەرۋايىت قويۇلغان قەدىمىي يىپەك سومكىسىنى ئېچىپ، ئېرى ئىشلەتكەن لۇغەتنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— بۇنى كۆرۈڭ، — دېدى مارتېلىنا، — سىز كېسىپ ئېلىۋالغان ھەرپلەرنىڭ بېتىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە. كەم ھەرپلەر سىز ماڭا ئەۋەتكەن ھېلىقى لېپاپىنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. مەن بۇ لۇغەتنى ئىشلەتمەكچى بولۇپ، بىر قاراپلا ھەممىنى چۈشەندىم... مۇشۇ ئىسپاتلار سىزگە يېتەر، توغرىمۇ؟

دۇنۇ جاۋاب بەرمىدى، چىڭ تۈگۈلگەن قوللىرى لاسسىدە بوشاپ كەتتى. ئاخىر ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشكۈچە گەپ قىلىشمىدى. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، مارتېلىنا ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. دۇنۇ گەپ قىلماستىن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

مارتېلىنا پەلتوسىنى سېلىۋاتقاندا دۇنۇ يېقىن كېلىپ سىلىق تەلەپپۇزدا:

— سىز مېنى كەچۈرەلەمسىزمۇ؟ — دېدى.

— ياق !

ئۇ مارتېلىناغا قاراپ ھەيران قالدى. چۇنكى، شۇ تاپتا ئۇ خوتۇنىنىڭ كىرىستالدەك سۈزۈك قەلبىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگەنىدى. ئۇ مارتېلىنانىڭ كەڭ قورساقلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ قورقۇپ تۇرغان پەيتتە، مارتېلىنا يەنە ئۇنىڭغا گەپ قىلدى:

— مەن سىزنى كېيىن ئەپۇ قىلىمەن. سىز مەندىن گۇمانلانمايدىغان چاغدا.

— ئەمدى گۇمان قىلمايمەن.

— بۈگۈن گۇمان قىلمايسىز. بىراق ئەتىچۇ؟

— ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنداقتا، بىز كېتەيلى. يېزىغا بېرىپ بىر يىل تۇرۇپ كېلەيلى. زۆرۈر بولسا، ئىككى يىل تۇرايلى... ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىمىز... ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيلى. سىز مېنىڭ مۇھەببەت ئۇچۇن، ئۆزۈمنىڭ بارلىق خۇشاللىقلىرىم قىزىقىشىمنى قۇربان قىلالايدىغانلىقىمنى چۈشەنگەن ۋاقتىڭىزدا، ئاندىن قايتىپ كېلەيلى.

— بىز قانچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، — دېدى دۇنۇ پىچىرلاپ، خۇشاللىقتىن تىترەپ كەتتى.

— ياق، — دېدى خوتۇنى، — گۇمانخورلۇق ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشاندا، ئاندىن ساقىيىدىغان بىر خىل كېسەللىك. مەن سىزنى داۋالايمەن.

دۇنۇ ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈشكە تاس قالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاۋازدا خوتۇنىغا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى، بەختىنى ئىزھار قىلماقچى بولغانىدى. بىراق، ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. گويا ئۇنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

( «تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىلى 1 ـ سانىدىن )



# مەڭگۈ ئېسىمدە سەن

تومى مارتىنېس (ئىسپانىيە)

گۈلباھار ئەخەت تەرجىمىسى



**مۇھەررىردىن:** تومى مارتىنېس دې لا تورربنىڭ ئەسلىي ئىسمى توماسا بولۇپ، 1968 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر ئىسپانىيەنىڭ شىمالىدىكى پامپلونا شەھىرىدە تۇغۇلغان، كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۇرتى ئاندالۇتسىيەدىكى خائېندا تۇرغان. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن كاتالونا، كانارىيە تاقىم ئارىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ يۈرگەن. ھازىر خائېندا ئولتۇراقلىشىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا. 2011 ـ يىلى مايدا «ئۆيۈم ماڭا شۇنداق دېگەندە»ناملىق ئەسىرى بىلەن خائېن ئۇنىۋېرسىتېتى 15 ـ نۆۋەتلىك پىروزا ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ قەلىمىدە ئاياللارغا خاس نازاكەت، مۇلايىملىق، سۆيگۈ ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت بالقىپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىرگە ئۆتۈپ قېلىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغان. ئون ئىككى يىل ئاۋۋال قىز ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان ئۆي خىزمەتچىسى ئىدى. سېلشىئو قىزنى تۇنجى كۆرگەندە ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ بىرھازا تۇرۇپ قالغانىدى. يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، چاچلىرىنى پاخپايتىۋالغان كۇبالىق بۇ قىز بىر خىل ئەدەپسىزلىك بىلەن ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ، سېغىزنى ماكاچىلىتىپ چايناپ، پۈۋلەپ كۆپتۈرۈپ قوياتتى.

سېلشىئو ئۆي ئىشلىرى مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ نەدىنمۇ بۇنداق بىر قىزنى تېپىۋالغانلىقىدىن ھەيران بولدى.

— كەچۈرۈڭ، ئۆي ئىشلىرى مۇلازىمەت شىركىتىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بىز ئۆي خىزمەتچىسى تېپىپ بولدۇق، — دېدى ئۇ يالغان ئېيتىپ.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى قىز مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

— بۇ قىزنى ئېلىپ قالايلى، ماڭا ياراپ قالدى.

سېلشىئو خوتۇنى ئاندرىيەگە ئۆرۈلدى:

شۇنداقمۇ، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، فاتىمە بۇ ئۆيدە قېپقالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، كېسەللىك ئاندرىيەنىڭ ئېسىنى خۇددى مىتە قۇرۇتمىدەك يەپ تۈگىتىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن قانچە كۆپ خاتىرە يىتكەنسېرى، فاتىمە بۇ ئايال غوجايىنىنى ئاستا ـ ئاستا سارالڭ بولۇپ قالدى دەپ ئويلىدى. بىراق، ئازراق پۇل توپلىۋېلىپ ئاندىن كېتەي، دېگەن ئوي بىلەن يەنىلا بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاندرىيەگە بۇنى ئاز دەپ، قېرىلارنىڭ دېۋەڭلىك كېسىلىمۇ ئىبلىس چاڭگىلىنى سالغىلى تۇردى، بۇنىڭغا ئاخىر ھېچقانداق داۋا چىقمىدى. سېلشىئو خوتۇنى ئۇچۇن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالتە

نەپەر خۇسۇسىي سىستىرا تەكلىپ قىلىپ ئۆلگۈردى، ئاخىر فاتىمەمۇ ئۆزىنى سىستىرا بولۇشقا ئازلا قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بەش يىلدىن بېرى بۇ سىستىرالارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلماي كەلگەنىدى. ئاندرىيە تۇرۇپلا فاتىمەنى چاڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن ئون بەش يىل ئىلگىرى ئايرىلىپ كەتكەن ھەدىسى دېسە؛ ئەتىسىلا ئۇنى دادام بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغان جالاپ، دەپ تىللايتتى؛ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۇنى ھېساب دەپتىرىڭنى تاپشۇر، دەپ قىستايتتى. بىراق، بۇ ئىشلار فاتىمە ئۈچۈن بەربىر ئىدى، ئۇ پەقەت پۇلنى كۆپ تېپىۋالسام، بۇ يەردىنمۇ شۇنچە تېز قۇتۇلۇپ كېتىمەن، دەپ ئويلايتتى.

سېلشىئو ئىشتىن قايتىپ كەلسىلا فاتىمەنى ئازادلىقىقا چىقىراتتى، كېيىن ئوغلى كارلوسمۇ تەڭ ياردەملىشىدىغان بولدى. ئۇ فاتىمەدىن پەقەت ئىككى ياشلا كىچىك ئىدى.

بۇ ئۇچەيلەن ئاندرىيەنىڭ تېنىنى قىلچە رەھىم قىلماستىن ۋەھشىيلەرچە چاڭگىلىغا ئېلىۋاتقان كېسەللىك ھەققىدە سۆزلەشمەيتتى. ئۇلار ئاندرىيەنىڭ ئىلگىرىكىدەك جانلىق، روھى كۆتۈرەڭگۈ ساغلام ھالىتىگە قايتىشىدىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى، پەقەت ئۆزلىرىگە بەش قولدەك تونۇشلۇق بولغان بۇ سۆيۈملۈك ئايال ۋە مېھرىبان ئانا بولغۇچىنىڭ ئۆزلىرىدىن پەيدىنپەي يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشتىن ئۆزگە ئامالى يوق ئىدى.

بىر كۈنى فاتىمە ئۆز ھۇجرىسىدا ئىدى، ئىشىك چېكىلىپ قالدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، سېلشىئونى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

— كىرسەم بولامدۇ؟ ئاندرىيە ئۇخلاپ قالدى، — دېدى سېلشىئو.

فاتىمە بۇ ئۆيدە تۇرغىلى بەش يىل بولغان، ئەمما بۇ ئەر ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئاياغ بېسىپ باقمىغانىدى.

فاتىمە سېلشىئونىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى. سېلشىئو كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— خوتۇنۇم ئوغلۇم ئىككىمىزنى پەرق ئېتەلمەي قالدى، ئۇ ماڭا غەلىتىلا گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئەتە - ئۆگۈن مېنىمۇ تونۇماي قالىدىغاندەك قىلىدۇ. ئاخشام بىر كېچە ئۇخلىماي تاكى سائەت تۆتكىچە ئۆي ئىچىدە مېڭىپ چىقتى، ھەر كۈنى كەچ شۇنداق بولىۋەرسە، ئاخىر ھاجەتخانىدىن قانداق چىقىشىنىمۇ بىلەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ئورنىدىنمۇ قوپالماي يېتىپ قالىدىغان ئىش بولامدىكىن دەيمەن.

فاتىمە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى، ئەمما نېمە دەپ تەسەللى ئېيتىشنى بىلەلمىدى.

— خوتۇنۇم مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ روھى مېنى تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ، — سېلشىئو شۇنداق دەپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، يۈزىنى ياستۇققا چۆمكىدى، يەتتە يىلدىن بېرى چىشىنى چىشلەپ ئاقتۇرمىغان ياشلىرى ياستۇققا بارا - بارا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ چاغدا، ئاندرىيە قايتا - قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، «گۇمانىي كېسەللىك»كە گىرىپتار بولغانلىقىغا ھەقىقىي دىياگنوز قويۇلغانىدى.

— ئۇ ئەمدىلا قىرىق ئۈچ ياش تۇرسا، بۇ مۇمكىنمۇ؟

— كېسەل كەلسە ياشقا باقمايدىغان گەپ ئىكەن.

فاتىمە قاچانلا قارىسا قەيسەر، روھلۇق كۆرۈنىدىغان، ئىشەنچكە تولۇپ ياشايدىغان بۇ ئەرنىڭ ياش تۆكۈشىگە قاراپ، يۈرىكى بىردىنلا ھەرە چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

فاتىمە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، نېمە دەپ كۆڭلىگە تەسكىن بېرىشنى بىلەلمەي، ئۇنى ئازاب ئىچىدىن تېزرەك قۇتۇلۇپ چىقسۇن دېگەن ئۈمىدتە دۈمبىلىرىنى سىلىدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن سېلشىئو تىنچلانغاندەك بولدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ ئۆيگە تۇنجى كەلگەن كۈنى خوتۇنى ئاندرىيە بۇ قىزدىن بايقىغان سەممىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنى بەش يىلدىن كېيىنكى ئاشۇ دەقىقىدە يەنە بايقىدى. ئۇ چاغدا بۇ قىز تولىمۇ قوپال، تەربىيەسىز

كۆرۈنگەنىدى، باشقا ئۆي خىزمەتچىلىرىدەك ياسالمىلىقمۇ قىلمىغانىدى. دەرۋەقە، خوتۇنى ئاندرىيە ھەممىشە باشقىلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى بايقاشقا ماھىر ئىدى.

سېلىشىئو ئىختىيارسىز قىزنى سۆيدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز بىر ياستۇققا باش قويدى... فاتىمە ئۇنىڭغا ئەمدى ئاندرىيەدىن ئالالمايدىغان كۆيۈمچانلىقنى يەتكۈزدى، ھالبۇكى سېلىشىئومۇ ئۇنى ئىلگىرى ھېچكىم يەتكۈزۈپ باقمىغان شادلىققا يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قارىماققا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەڭگۈلۈككە ئۆزگىرىش ياسىدى.

سېلىشىئو خوتۇنى ئاندرىيەگە ئىلگىرىكىدىنمۇ ئارتۇق كۆيۈندى، خوتۇنى ياش تۆكسە بىرگە ياش تۆكتى، خوتۇنى كۈلسە بىرگە كۈلدى، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئىشلىرى بىلەن زېرىكىشلىك ئۈستىدىن غالىب كەلدى، خوتۇنىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش، ھالىغا يېتىشنى ئۆگەندى. تۈن پەردىسى يېيىلغاندا ئازاب - ئوقۇبەتتىن يۈرىكى پۇچىلانغان سېلىشىئو فاتىمەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشاتتى، سۆيۈشەتتى. ھالبۇكى فاتىمە بولسا، ئۇنىڭ پۇچىلانغان قەلبىگە مەلھەم بولۇپ، روھىنى كۆتۈرۈپ، ھايات ئىنسان ئىكەنلىكىنى سەمىگە سېلىپ تۇردى. ئاندرىيە ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى، كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى دېگەندەك، فاتىمە سېلىشىئونىڭ كۆزلىرىدىن ئاندرىيەنى پەيدىنپەي ياقتۇرۇپ قالدى، ھەتتا ئۆزلىرىدىن بارا - بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئايالنى نېمىشقا بالدۇرراق چۈشەنمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئىلگىرى ئاندرىيە فاتىمەنى، «سەن جالاپ يەتتە ياشقا كىرگەن كۈنۈڭ دادام بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلدىڭ» دەپ تىللىغاندا، فاتىمە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى، «ھۇ، ساراڭ دەججال» دەپ تىللىغانىدى، ھازىر شۇنى ئويلىغاندا ئۆزىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى.

«ئۇ چاغدا مەن تېخى تۇغۇلمىغان، ھۇ، ساراڭ دەججال» دەپ تىللىغىنى راست. بىراق، ئاندرىيە بۇنى كۆڭلىگە ئالمىغان، بەش مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. بىراق، فاتىمەنىڭ ئەس - ياددىن چىقىپ كەتكىنى يوق، ھەر ئويلىغىنىدا يۈرىكى ئاچچىقتىن تولغىنىپ كېتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاندرىيەنى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ كۈتتى، ئۇنىڭ بەدىنىنى يۇيۇپ قويۇۋاتقاندا ياكى ئولتۇرغۇزۇپ بەدىنىدىكى يارىلارنى داۋالاپ قويۇۋاتقاندا، ئۇ چۈشەنمىسىمۇ، پەس ئاۋازدا يۇرتى كۇبادىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى.

— ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى بىر كۈنى كارلوس ئۇنىڭغا، — ئۇ گەپلىرىڭىزنى چۈشەنمەك تۇرماق، ئاڭلاپمۇ قويمايدۇ.

— ناۋادا ئاڭلاپ قالسىچۇ؟ يەنە كېلىپ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى سىز قانداق بىلىسىز؟ سىز دېۋەڭلىك كېسىلى بولۇپ باقمىسىڭىز يا؟

ئاندرىيە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغان كۈنى فاتىمە بۇنى بىلىپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى تۇيغانىدى. شۇڭا، ئۇ سېلىشىئو بىلەن كارلوسنى چاقىردى. ئۆزىنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى چۈشەندى، ئۇ ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ، ئىككى ئەرنىڭ چاقىرىشلىرىغا ئېرەن قىلمىدى. ئەتىسى ئۆي ئىچىنى بىردىنلا غەلىتە جىمجىتلىق ۋە ئازابلىق سۈكۈت قاپلىدى. ئىشىك چېكىلدى. فاتىمە ئىشىكنى ئاچتى، ئالدىدا كارلوس تۇراتتى.

— ئىككىمىز پاراڭلىشىپ باقساق، — دېدى كارلوس فاتىمەگە.

— ئەنسىرىمەڭ، مەن نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولدۇم، ھايال قالماي ماڭىمەن.

— ياق، ماڭماڭ. سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم بار.

— ئەمىسە قەھۋە دەملەي.

ئۇلار ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى، كارلوس ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— سىزگە رەھمىتىمنى ئېيتماقچىمەن، فاتىمە. چۈنكى، سىز ئاپامغا ياخشى قارىدىڭىز، ئۇنى ئوبدان كۈتتىڭىز. يەنە تېخى ئائىلىمىزنى جەم قىلدىڭىز، دادامنى ئاپامدىن تاندۇرمىدىڭىز. بىزگە ئانىمىنىڭ بۇ ئۆيدە مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈردىڭىز. بىلەمسىز؟ ئاپامدىن ئىككى

تەستەك يېدىم، بىرىدە سىزگە شۇنداق ئۆچمەنلىكىم كەلگەن بولسا، يەنە بىرىدە سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

فاتىمە ئۇنىڭغا چۈشەنمىگەندەك قارىدى.

— سىزنى تۇنجى كۆرگەن كۈنۈم، سىز چىقىپ كېتىشىڭىزگىلا كەينىڭىزدىن، «ئۇ جەزمەن پۇلنى كۆزلەپ كەلگەن جالاپ» دېدىم. بۇ چاغدا ئاپامنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئىدى، ئالدىمغا كېلىپ يۈزۈمگە بىر تەستەك سالدى، ئەزەلدىن تەستەك يەپ باقمىغان ئادەم ئىدىم. «بۇ قىز بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بىلىپ ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭ، بۇ ئۆيدىن دەرھال يوقال» دېدى ئاپام.

فاتىمە پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— شۇ چاغدا سىزگە قانچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتكىنىمنى بىلەمسىز؟ بىراق، نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر ئىش ئېسىڭىزدىمىكىن؟ بىلىشىمچە، ئۇ بىزنىڭ ئاپامنى ئاخىرقى قېتىم ماگىزىنغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى ئاچىقىشىمىز ئىدى. ئاپام بىر سىنئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئەينەكتىكى ئەكسىنى باشقا بىرى دەپ قالدى بولغاي، ئۇنىڭغا گەپ قىلغانىدى. يېقىنلا يەردە تۇرغان بىر بالا ئاپىسىغا، «ئاپا، ئۇ ئايال ساراڭ ئىكەن» دېيىشىگە، سىز ئۆرۈلۈپلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىڭىز، مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ تۇرۇپلا قالدىم. چاڭڭىدە قىلغان تەستەك ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراپ كەتتى، ئۇ بەئەينى مەن ئاپامدىن يېگەندەك تەستەكنىڭ ئۆزى ئىدى. «ئۆزۈڭ ساراڭ، ئاپاڭ يۈزسىز» دەپ تىللاپ كەتتىڭىز. شۇ كۈنى، ئاپامنىڭ ئىلگىرى توغرا ئېيتقانلىقىنى بىلدىم، سىز ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنسىز، سىزنى ياقتۇرۇپ قالغىلى تۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن دادامنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدىم، سىزنىڭ ئۇنى مەجبۇرلىمىغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن... نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن...

فاتىمە كۈلۈپ قويدى.

— ناۋادا دادىڭىز ئاپىڭىزدىن ۋاز كېچىشنى ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭدىن دەرھال كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتكەن بولاتتى. ياخشى كۆرۈپ قېلىشىممۇ ئۇنىڭ ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكى، ئاپىڭىزغا ئىزچىل كۆيۈنۈپ كەلگەنلىكىدىن بولغان. دادىڭىز ئارقىلىق ئاپىڭىزنى چۈشەندىم، ئۇنىڭ تېنى ساغلام چېغىدا قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاپىڭىزنىڭ مۆجىزە بېرىپ ساقىيىپ كېتىشىنى تىلەپ يىغلاپمۇ كەتتىم، گەرچە شۇنداق بولۇپ قالسا بىردىنبىر كىرىمىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى، تېخىمۇ مۇھىمى دادىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرساممۇ. مەن ئەسلىدە سىلەرگە — ئۈچۈڭلارغا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. سىلەر ماڭا ئائىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئائىلىنىڭ ئەسلىدە ھۆرمەت ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردۈڭلار، — سۈپسۈزۈك ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ چۈشتى، — سىزگە بىر ئىشنى ئېيتاي. ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئاپىڭىزنىڭ بەدىنىنى يۇيۇپ قويۇۋاتسام، ئۇ ماڭا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ كەتتى. ئىلگىرىكى گۇنىسىز كۆزلىرى بىردىنلا چاقنىغاندەك بولدى، بىرنەچچە دەقىقە ئۇ بەزىدە تۇرۇپلا سەگەك بولۇپ قالاتتى، كارلوس، بۇنى مەنلا ھېس قىلاتتىم. ئۇ ماڭا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەلمۈرۈپ قارىۋىدى، يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ماڭا «رەھمەت» دېدى - دە، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى...

بۇ چاغدا، فاتىمەگە تولىمۇ تونۇشلۇق بولغان بىر جۈپ كۈچلۈك بىلەك ئۇنى كەينىدىن قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان سېلشىئو ئۈن - تىنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى. كارلوس ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى، فاتىمە ئىككىسىنى تەڭ قۇچاقلىدى.

— ئاندرىيە، سىز بىزگە شۇنچىلىك كۆپ مۇھەببەت قالدۇرۇپسىز! — دېدى سېلشىئو تورۇسقا قاراپ تۇرۇپ، — سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت!

(خەنزۇچە «تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىللىق 2 - سانىدىن)

# قەپەستىكى قۇش

ۋارگېن دېسپتا (ئىسپانىيە)

ئايشەم ۋايىت تەرجىمىسى

رۇك ئەپەندى مۇرىسى كەڭ، بەستلىك كەلگەن ئادەم. ئۇ بۇ يىل يەتمىش ياشتىن ئاشقاچقا بەللىرى سەل ئېگىلگەندى، لېكىن ئۇنىڭ قەدەملىرى بۇرۇنقىدەكلا ئىتتىك ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇقىنى كۆڭۈل قويۇپ باشقۇرۇۋاتاتتى. بەزىلەر رۇك ئەپەندىنىڭ قورۇقى بىر يۈز ئەللىك ياۋروغا يارايدۇ دەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆزىگە ئوخشاش قېرى ئاتنى مىنگىنىچە قورۇقنى ئايلىناتتى. 8 ـ ئايدىكى زىرائەتلەر، 9 ـ ئايدىكى ئۈزۈملەر، كۈزدىكى ھەر خىل مېۋىلەر، ئەتىيازدىكى قوي ـ كالىلار، ئۇ ھەر يىلى مانا مۇشۇلار ئۈچۈن ئالدىراش بولاتتى. مەيلى قەھرىتان سوغۇق بولسۇن ياكى تومۇز ئىسسىق بولسۇن، كىشىلەر رۇك ئەپەندىنىڭ ئارام ئالغىنىنى كۆرمەيتتى.

ئۇ دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى. ھەر يىلى يەرگە ئۇرۇق سالغاندا ھەربىر تال ئۇرۇقنى تۇتىيا بىلىپ ئۆز قولى بىلەن تاللايتتى. ئۇ قورۇقنىڭ ئوغلىغا ئايلاندى. ياق، ئوغلى دېگەندىن كۆرە قورۇق ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىغا ئايلانغانىدى. تالاي بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن رۇك ئەپەندى مانا ئەمدىلىكتە قېرىغان بىر قارىغاي دەرىخىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار كىشىگە يېڭىلا ئاغدۇرۇلغان ئېتىزنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭ قالايمىقان كۆرۈنىدىغان بۇرۇتلىرى ئېتىزلىقتىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئەسلەتسە، ئاقارغان چاچلىرى گوياكى ئاپپاق قارلار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىسىنى ئەسلىتەتتى. كىشىلەر رۇك ئەپەندى بىلەن قورۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قان بىلەن گۆشتەك دەپ قارايتتى.

رۇك ئەپەندىنىڭ يېتەرلىك مال ـ دۇنياسى بار. ئۇنىڭ تۆت ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتى بار، ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ قۇراملىقلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇ بىر ئۆمۈر ئەمگەك قىلىشنى تاللىۋالغانىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولماي قالدى. تومۇز ئىسسىقتا دەم ئالالمىغان چاغلاردا دەرەخكە يۆلىنىۋېلىپ بىردەم ئارامىنى ئېلىۋالاتتى. دوختۇر ئاللىبۇرۇنلا ئۇنىڭغا ئېغىر ئەمگەك قىلماسلىقنى ئەسكەرتكەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ يەنىلا ئەتىگەن تۇرۇپ كەچ يېتىپ ئېتىزلىقتىن كەتمەيدىغان ئادىتى بار ئىدى.

رۇك ئەپەندىنىڭ ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بار ئىدى. بۇنداق مۇنبەت تۇپراقنى ئۇ ھاياتىدىكى بايلىق دەپ قارىغاچقا، باشقىلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە باھار پەسلىدە يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق سېلىش، ياز كۈنلىرى ئېتىز سۇغىرىش، ئوت ئوتاش، كۈز كۈنلىرى ھوسۇلنى يىغىۋېلىش، قىش كۈنلىرى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى كۆڭۈللۈك ۋە مۇكەممەل بولغان تۇرمۇش شەكلى ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈزۈمزارلىقىدىكى ئۈزۈملەرنى ئۈزۈپ، يېڭى ۋە ساپ بولغان ئۈزۈم شەربىتىنى چىقىرىشى كۆزىگە سىغمايتتى؛ ئۇمۇ

باشقىلارنىڭ يولىنى قىرقىش، ئۇن تارتىش قاتارلىق ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئىشلارنى قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى. «مەن بىر كۈن ياشىسام قورۇققا بىر كۈن قارايمەن، ئەگەر بىر كۈنى مەن ماڭالمايدىغان بولۇپ قالسام، ئۆملەپ بولسىمۇ بارىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېتىمىز ئىشلىرىنى قىلىشقا ماجالىم يەتمىسە، كىم مېنىڭ خىزمىتىمنى ئۈز ئۈستىگە ئالىدۇ؟ مېنىڭ ئوغۇللىرىممۇ؟ ئۇلار ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كىچىك ئائىلىسىنى چۆرىدەپ تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ نەدىكىمۇ ئارتۇق ۋاقتى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ، يەر نېمىدېگەن ئۇلۇغ – ھە! ئۇ بىزنىڭ بىر ئۆمۈر چوقۇنىشىمىزنى، ئېتىقاد قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ» دەپ ئويلايتتى رۇك ئەپەندى.

بالىلارمۇ بوۋايغا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى. رۇك ئەپەندى بولسا، «بىرەر ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزسەم، قالغان ئۈچ ئوغلۇم ھەسەت قىلارمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ يەردە بىر بۆلۈك مال – دۇنيا بار. مېنىڭ مال – دۇنيايىمغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۆي – ئوچاقلىق بولدى، ئۇلار ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىماي، پەقەتلا ئاياللىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

بوۋاينىڭ تېنى كۈندىن – كۈنگە ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاتنى مىنىپ قورۇقنى ئايلىنىپ كۆزەتچىلىك قىلىدىغان مادارى قالمىدى. بوۋاينىڭ ئېتىزلىرىدا ياۋا ئوت – چۆپلەر ئۆسۈشكە باشلىدى. دوختۇر ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭغا ئېغىر ئەمگەكتىن ئۆزىنى ئازاد قىلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

بىر كۈنى بالىلار ياشىنىپ قالغان دادىسىغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن، چوڭ ئۆيگە كەلدى.

— سالامەتلىكىڭىز بۇرۇنقىدەك ئەمەس، سىز ئەمدى دەم ئېلىشقا موھتاج. قورۇقنى باشقىلار باشقۇرسۇن، — بالىلار گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا دېدى.

— باشقىلار؟ باشقىلار دېگىنىڭلار كىم؟ ئۇنداقتا مەن تۇغقانمۇ ئەمەس، ئاغىنىمۇ ئەمەس، باشقا بىر كىشىنى ئۆز قورۇقۇمنى باشقۇرۇشقا ئەكېلەمدىم؟ مەن ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىمنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، تىنىمسىزلا بولىدىكەن، مەن چوقۇم ئۆزۈم كۈرەش قىلىمەن، — دېدى رۇك ئەپەندى كەسكىنلىك بىلەن.

— لېكىن، دوختۇر سىزنىڭ ئارام ئېلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى، ئەمىسە سىز قورۇقنى بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىزغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ، بىز قېرىنداشلار چوقۇم ئىناق – ئىجىل بولۇپ ھەمكارلىشىمىز ھەمدە سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمىز، — دېدى بالىلار.

— ھۇ سولتەكلەر، داداڭلار تېخى كۆز يۇمماي تۇرۇپ، سىلەر مال – دۇنيانى بۆلۈشمەكچى بولۇۋاتامسىلەر! — بوۋاينىڭ ئەمدى راستىلا ئاچچىقى كەلدى.

بالىلار دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

— باللىرىم، ھەممىڭلار بۇياققا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىمەن، بىر قۇشقاچنىڭ ھېكايىسى. سىلەر ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ بۇنداق جاھىللىق قىلىشىمنىڭ تېگىگە يېتىسىلەر، — دېگىنىچە رۇك ئەپەندى بالىلارغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەشكە باشلىدى، — سىلەر كىچىك چېغىڭلاردا مەن لەمپە ئاستىدىن بىر قۇشقاچ بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكەلدىم. ئۇ بەك ئوماق ئىدى، مەن ئۇنى قەپەسكە سېلىپ، بالىخانىغا قويۇپ قويدۇم. دەسلىپىدە قۇشقاچ ھېچنېمە يېمىدى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ

بۇ قۇشقاچ ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى قۇشقاچ قەپەسنىڭ ئەتراپىنى توختىماي ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. مەن بۇ قۇشقاچلارنىڭ قۇشقاچ بالىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. ئۇلار ئۆز بالىسىنىڭ قەپەس ئىچىگە قامالغانلىقىنى كۆرۈپ ئازابلانغانىدى. ئۇزاققا قالماي ئۇلار ئۇچۇپ كەتتى. قايتىپ كەلگەندە ئاغزىدا بالىسىغا يېمەكلىك چىشلەپ ئەكەلگەنىدى. مەن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جەم بولۇشىغا دەخلى قىلمىدىم. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى مەن ئامال تېپىپ ھېلىقى ئاتا ـ ئانا قۇشقاچلارنى تۇتۇۋالدىم. مەن ئۇلارنى قەپەسكە قاماپ، بالا قۇشقاچنى قويۇۋەتتىم. مەن ئۇ ئىككى قۇشقاچقا يېمەكلىك بەرمىدىم. «مەن كىچىك قۇشقاچنى ناھايىتى تېزلا قايتىپ كېلىدۇ، يېمەكلىك تېپىپ ئەكېلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا بېرىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، بالىلىرىم، سىلەر بىلەمسىلەر؟ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئىككى قۇشقاچ ئۆلۈپ قالدى. كىچىك قۇشقاچ ئەركىنلىككە ئېرىشىپلا، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇنتۇپ قالدى.

ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن رۇك ئەپەندىم بالىلىرىغا يەنە مۇنداق دېدى:

— بالىلىرىم، ئادەمنىڭ قەلبى ھامان كېيىنكى ئەۋلادقا تارتىشىدۇ. شۇڭا، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئۆز بالىلىرىڭلارغا كۆيۈنىدىغان قەلبىڭلارنى چۈشىنىمەن. قورۇق مېنىڭ ھاياتىم، ئۇ بولمىسا، مەن خۇددى قەپەسكە قامالغاندەك ھېس قىلىمەن. بالىلىرىم، مەن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشىنىمەن، سىلەر تېز قايتىپ كېتىڭلار، مەن داۋاملىق تۇردە قورۇققا ئىگىدارچىلىق قىلىپ باشقۇرىمەن، شۇنداقلا ئۇنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرىمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ئەركىن بولۇشۇمنى ياقتۇرىمەن. سىلەر ئاتاڭلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنەمسىلەر؟

بالىلار دادىسىنىڭ گەپلىرىدىن بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇلار دادىسىنى ياخشى كۆرسە، چوقۇم ئۇنىڭغا ئۆزىگە تەۋە بوشلۇق بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. دۇنيادا يەنە بىر خىل ھۆرمەتلەش بار، ئۇ بولسىمۇ قارشى تەرەپكە مۇتلەق ئەركىنلىكنى بېرىش.

(خەنزۇچە «ئەدەبىي مەلۇمات» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن)

(بېشى 88 ـ بەتتە)

جاۋاب: مەن ئۈچۈن مۇزىكىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. مۇزىكا ماڭا كۈچلۈك ھېس ـ تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. مۇزىكىسىز ياشىيالمايمەن. ئەكسىچە ئېيتسام، مۇزىكىلىق شەكىلنى دوگمىلارچە شېئىرغا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى قۇۋۋەتلىمەيمەن. مۇزىكا ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ئاللىقاچان تۇرمۇشۇمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. شېئىرلىرىمدا ھەمىشە سىمفونىيەلىك تۇيغۇ ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن. مۇزىكا بىلەن شېئىرنىڭ ئورتاقلىقى بار، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ھەم باشلىنىش، ھەم ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولىدۇ. بۇ ئوبراز سەنئىتى بىلەن ئوخشىمايدۇ.

سوئال: يېقىندا نەشردىن چىققان «بالتىق دېڭىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىڭىز نەچچە بۆلەك داستانغا بۆلۈنگەنىكەن. سىز مۇشۇ شېئىرلىرىڭىز ئارقىلىق نېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولدىڭىز؟

جاۋاب: بالتىق دېڭىزىنى ئوراپ تۇرغان، ھازىر بار بولغان ھەم بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ئەدەبىي ۋە بىيوتىك ھاياتلىق ئارقىلىق بالتىق دېڭىزىنى تەسۋىرلىمەكچى بولدۇم، 1970 ـ يىلى بالتىق دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا بارغان چېغىمدىكى تۇيغۇلىرىمنى يېڭى ھېس قىلغان شەخسىي تەجرىبىلىرىمنىڭ ئۈستىگە دەسسەتمەكچى بولدۇم. ۋۇجۇدۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئاراللاردا ياشايدىغان دېڭىز خەلقلىرىنىڭ قېنى بولغاچقا، شۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئەكس ئەتكۈزدۈم.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

# ئاسما رەسىم

ناتسۇمى سوئۇسېكى (ياپونىيە)

رەھىم راھمان تەرجىمىسى

داداڭ بوۋاي خوتۇنىنىڭ يىلى بولغان كۈنى ئۇنىڭغا ئاتاپ قەبرە تاش تىكلەشنى نىيەت قىلدى. بوۋاي ئوغلىنىڭ شاپائىتى بىلەنلا بۈگۈنگىچە كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ كەلگەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ روزغارىنى قامدىغۇدەك بىرەر - يېرىم مال - مۈلۈك، بىساتلىرى يوق ئىدى. يەنە ئەتىياز كېلىپ قالدى، بوۋاي چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ مىڭ تەستە خاتىرە كۈنىنىڭ 8 - مارتتا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئوغلى پەقەت ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا، «ھە راست» دەپلا قويدى ۋە چىش يېرىپ بۆلەك بىرنېمە دېمىدى. بوۋاي ئاخىرى ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان قىممەتلىك بىر پارچە ئاسما رەسىمنى سېتىپ خەج - خىراجەت قىلماقچى بولغانلىقىنى ئوغلىغا دېۋىدى، ئوغلى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئالىيىپ قويدى ۋە «بولمامدىغان، تازا بولىدۇ» دەپلا ماقۇللۇق بېرىۋەتتى. بوۋاينىڭ ئوغلى نېيۇۋ ئۆلكىلىك جامائەت ئىشلىرى ۋازارىتىدە ئېيىغا قىرىق مىڭ يىن مائاش ئېلىپ ئىشلەيتتى، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان، ئىككى بالىسىمۇ بار ئىدى، قارىلىق تۇتۇپ ھازا بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغانىدى. شۇڭا، قىيىنچىلىق ئالدىدا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ كەلمەكتە ئىدى، مۇبادا بۇ ئۆيدىن بوۋاينىڭ قارىسى يىتىدىغان بولسا، بۇ ئاسما رەسىم بۇرۇنلا ئەخلەت - چاۋارلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان بولاتتى. رەسىم بىر كىۋادرات چى كەڭلىكتىكى شايىغا سىزىلغان رەسىم بولۇپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جىگەر رەڭگە ئۆزگە-

رىپ قالغانىدى. رەسىم ھەمىشە قاراڭغۇ ئۆيدە تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا سىزىلغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، بوۋاي رەسىمنى تۈجۈپىلەپ سىزىلغان ئاپتاپپەرەسنىڭ سۈرىتى دەپ قارايتتى، بوۋاي ئايدا ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىشكاپنى ئېچىپ مىس ساندۇقنىڭ تۇپا - چاڭلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ساندۇقنى ئاچاتتى ۋە ئىچىدىكى رەسىمنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، تامنىڭ ئۈچ چىچە ئېگىز يېرىگە ئېسىپ قويۇپ سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى. دەرۋەقە، بوۋاي سىنچىلاپ قارىغانسېرى، ئۇنىڭ كۆزىگە رەسىمنىڭ ئىچىدە قان ئۇيۇپ قالغان چوڭ - چوڭ داغلار باردەك، يەنە بىرقانچە يېرىدە ئۇششاق - ئۇششاق داغ ئىزلىرىمۇ باردەك قىلاتتى. بوۋاي ھەر قېتىم تاڭ دەۋرى ئۇسلۇبىدىكى رەڭگى سۇسلىشىپ كەتكەن بۇ رەسىمگە قارىغىنىدا ئۆزىنى بۇرۇنلا ئېسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئۆتمۈشكە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ بەزىدە رەسىمگە قاراپ تاماكا چەككىنىچە ياكى چاي ئىچكىنىچە، زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۇزاقتىن - ئۇزاقتىن يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتەتتى. نەۋرىلىرى كىرىپ: «بوۋا، بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقىنىدىلا، ئېسىنى يىغىپ، ئۇلارغا چۈشەندۈرگەچ ئاۋايلاپ ئورنىدىن تۇراتتى ۋە يەنە رەسىمگە زەن قويۇپ قارايتتى. نەۋرىلىرى: «بوۋا، كەمپۈت ئەكەلمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراشقاندا، «ھە راست، باللىرىم، كەپسىزلىك قىلماي ئويناپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىرلا كەمپۈتكە ماڭاي» دەيتتى، سۆزلەۋېتىپ ھېلىقى رەسىمنى ئېرىنمەي قاتلاپ ساندۇققا سالاتتى ۋە ساندۇقنى جايىغا قويۇپ بولۇپ ئاستا

تالاغا ماڭاتتى، ياناشىدا كەمپۈت دۇكىنىدىن ئازراق كەمپۈت ئالغاچ كېلىپ، بالىلارغا تەقسىملەپ بېرەتتى. بالىلار بولسا، «كەمپۈت! كەمپۈت!» دەپ چۇقۇرۇشۇپ كېتەتتى. بوۋاينىڭ ئوغلى خېلىلا كېچىكىپ توي قىلغانلاردىن ئىدى، ھازىر بالىلىرىنىڭ چوڭى ئالتە ياشقا، كىچىكى تۆت ياشتا ئىدى.

ئوغلى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ھېلىقى كۈنى بوۋاي ئەتىگەندىلا ساندۇقنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كېتىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە يەنە شۇ پېتى قايتىپ كەلدى. بالىلار دەرۋازا ئالدىدىلا:

— بوۋا، كەمپۈت ئەكەلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى، بوۋاي لام - جىم دېمەستىن ئۆيگە كىردى ۋە رەسىمنى ساندۇقتىن ئېلىپ تامغا ئاستى ھەم رەسىمگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بوۋاينىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھېلىقى ساندۇقنى ئېلىپ تۆت - بەشچە ئاسارئەتىقە دۇكىنىغا بېرىپتۇ، بىراق ھېچكىم رەسىمنىڭ باھاسىنى سوراپ قويماپتۇ، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، رەسىم بەكلا كونىراپ كەتكەنمىش، بوۋاي ھۆرمەتلەپ چوڭ بىلىدىغان كىشىلەرمۇ رەسىمنى ياراتماپتۇدەك.

— ئاسارئەتىقە دۇكىنىدىكىلەر تازىمۇ قاملاشمىغان نېمىلەر ئىكەن، — دېدى ئوغلى.

— تازا قاملاشمىغان نېمىلەر ئىكەن ئۇلار، — دەپ قوشۇپ قويدى بوۋايمۇ.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە بوۋاي يەنە ھېلىقى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بوۋاي بۇ قېتىم رەسىمنى ئوغلىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دوستىغا كۆرسەتتى، بىراق بوۋاي بۇ قېتىممۇ بالىلارغا كەمپۈت ئېلىپ كېلەلمىدى. ئوغلى ئۆيگە كېلىپلا بوۋاينىڭ قىلغانلىرىنى خوپ كۆرمىگەندەك ئاچچىقلاپ كەتتى ۋە:

— ئاشۇنداق جىڭ مالنى تونۇمايدىغان كۆزى كور نېمىلەرگە ساتماقچىدىڭمۇ تېخى؟ — دېدى ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ قويۇپ.

فېۋرالنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا، بوۋاي رەسىمنى تويۇقسىز قولدىن چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي قەبرىستانلىقتا بېرىپ، خوتۇنىنىڭ قەبرە بېشىغا چىرايلىق بىر خاتىرە تاش تىكلىدى، ئاشقان پۇلنى پوچتا بانكىسىغا ئامانەت قويدى. بۇ ئىشتىن بەش - ئالتە كۈن ئۆتۈپ، بوۋاي يەنە ئادەتتىكىدەك ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئىككى سائەتچە كېچىكىپ يېنىپ كەلدى. بۇ قېتىم بوۋاي يوغان ئىككى خالتا كەمپۈت ئالغاچ كەلگەنىدى. بوۋاينىڭ دېيىشىچە، ئۇ سېتىۋەتكەن رەسىمدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ ئۇنى كۆرگىلى بېرىپتۇ، رەسىمنى سېتىۋالغانلار ئۇنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ، بىراق ئۇلار رەسىمنى بورا بىلەن ياسىغان ئاشخانىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ، ئاشخانىنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ قۇرۇپ قالغان چىنىگۈل دەرىخى بارمىش.

— سېتىۋەتمىگەن بولسام كۆڭلۈم خاتىرجەم بولاتتىمىكىن، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا.

— بەلكىم، — دەپلا قويدى ئوغلى.

شۇنىڭدىن كېيىن بالىلار ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە كەمپۈت يېيىشتى.

(خەنزۇچە «سۆيگۈ ۋە ئۆلۈم» ناملىق ياپونىيە ھېكايىلىرىدىن بەھرىلىنىشتىن تەرجىمە قىلىندى)

---

شېئىر تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل سىرلارنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئوبراز ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولىدۇ؛ پەلسەپە ئىدراكتىكى خىلمۇخىل سىرلارنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى يېزىق ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولىدۇ.

— گىيوتې

# تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش

مېيندىن كار (ئەنگلىيە)

ئىلھام سەدۇللا تەرجىمىسى

يېزىچىلىق ئوقۇتقۇچىسى خاننىنىڭ قىزى بىر جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسىغا ياتلىق بولدى. خاننىنىڭ نۇرغۇن خىزمەتداشلىرى تويغا كەلدى. مېھمانلار ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتتى، ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە خاننى ئاشخانىغا كېلىپ، كەچلىك زىياپەتنى باشلاشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىغا قاراپ باقتى. ئاشپەز ئايالنىڭ ئىسمى ماننىي، ئۇ بېلى قۇچاق يەتمىگۈدەك سېمىز ئايال ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا بەك ئالدىراش ئىدى. خاننى تۈكۈرۈكىنى يۇتۇۋېتىپ دېدى:

— نېمىدېگەن مەززىلىك، پۈتۈن ئاشخانىنى يۇتۇۋەتكۈدەك بولۇۋاتىمەن. ماننىي ئاتسىپېنسىر بېلىقى قېنى، تېزرەك دەپ بېرىڭا.

ماننىي قولىنى سوزۇپ يېنىدىكى بىر يوپۇقنى ئاچتى. بىر تال چوڭ ئاتسىپېنسىر بېلىقى خاننىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ياغدا داغلىنىپ سېرىق رەڭگە كىرگەن بېلىقنىڭ ئۈستىگە ياۋا ئامۇت، زەيتۇن، يەنە سەۋزە قاتارلىقلار تىزىپ قويۇلغانىدى. خاننى بېلىنى ئېگىپ ئاغزىنى بىرپەس چاكىلدىتىۋەتكەندىن كېيىن، قەددىنى رۇسلاپ، بارماقلىرىدىن قارس چىقىرىپ، يەنە ئاغزىنى چاكىلداتتى.

— ھەي ھەي، ھاياجانلىق سۆيۈشكەن ئاۋازغۇ بۇ، ماننىي كىم بىلەن سۆيۈشۈۋاتىسىز، — دېگەنىچە مېھمان كۈتۈشكە ياردەملەشكۈچى ۋانزى ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى، — قايسى تەلەيلىك ئۇ، ھە... سىزنى كۆرگىنىمگە ئىنتايىن خۇشالمەن، خاننى ئەپەندى.

— مەن ماننىينى سۆيمىدىم، — دېدى خاننى ئوڭايسىزلىنىپ، — سىز كۆردىڭىزمۇ!؟ مەن پەقەت... ئۆزۈمچە... ئاغزىمنى چاكىلدىتىپ قويدۇم شۇ، چۈنكى، مەن ... مەن بەك خۇشال... چۈنكى... ئاۋۇ بېلىقنى كۆرۈپ...

— بۇ گېپىڭىزگە بۆشۈكتىكى بوۋاقمۇ ئىشەنمەيدۇ، — ۋانزى ئاغزىنى كالچايتىپ ھىجايغىنىچە چىقىپ كەتتى.

«ئۆلگۈر، بۇ ئەبلەخ چىقىپ دەيدىغان بولدى» دېگەنلەرنى ئويلىغان خاننى ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا مېھمانخانىغا قايتىپ كىرىپ، ئوغرىلىقچە ۋانزىنى كۆزەتتى. بۇ چاغدا ۋانزى پىيانىنونىڭ يېنىدا تۇرۇپ پىيانىنو ئوقۇتقۇچىسى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. پىيانىنو ئوقۇتقۇچىسى توختىماي كۈلۈۋاتاتتى.

«جەزمەن مەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى خاننى، — ياق، مەن ئۇنىڭ توختىماي ئىغۋا تارقىتىپ يۈرۈشىگە قاراپ تۇرسام بولمايدۇ. مەن كۆپچىلىككە ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك.»

خاننى چىچىنى سىقىمداپ ناھايىتى قولاشمىغان مېڭىشى بىلەن فىرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېنىغا باردى:

— مەن ھېلى ئاشخانىغا بېرىپ، كەچلىك تاماقنىڭ تەييار بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كەلدىم، — دېدى ئۇ فىرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسىغا، — ئاندىن مەززىلىك ئاتسىپېنسىر بېلىقىنى كۆرۈپ، ئاغزىمنى چاكىلداتتىم. دەل شۇ چاغدا ۋانزى كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقماي تۇرۇپلا، «ھەي، سىلەر بۇ يەردە سۆيۈشۈۋېتىپسىلەرغۇ» دېدى. مەن ماننىينى سۆيۈپتۇدەكمەن. ئاشۇ قېرى

مېكىياننى ـ ھە. ئۇنىڭ ئويلاپ تاپقان ئىشىنى قارىمامدىغان. تازىمۇ بىر غەلىتە بىرنېمە ـ دە، ئۇ.

— كىم غەلىتە ئىكەن، — ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى دەل شۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدى.

— ئەلۋەتتە، ۋانزى بولمامدۇ، مەن بايا ئاشخانىغا بارغانىدىم... — ئاندىن ئۇ بايىقى رومانىنىڭ ھېكايىسىنى تەكرارلىدى، — ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، — دېدى خاننى غەزەپ بىلەن.

— سىزگە كىم تۆھمەت قىلدى، — تويى مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان باستېرمۇ يېتىپ كەلدى.

— ۋانزى.

مۇشۇنداق قىلىپ يېرىم سائەتكە قالماي ئۇنىڭ رومانىنىڭ ھېكايىسىنى ھەممە مېھمانلار ئۇقۇپ بولدى.

«ئەمدى ۋانزى دەۋەرسۇن، — دەپ ئويلىدى خاننى، — قېنى دەپ باقسۇنچۇ، ئۇ ئېغىز ئېچىشىغىلا باشقىلار ئۇنىڭغا بوش كەلمەي، — بولدى قىلە، پىتنىخور، بىز بۇرۇنلا بىلىپ بولغان دەيدۇ.»

بىراق، خاننىنىڭ چارىسى رول ئوينىمىغاندەك قىلاتتى. ساق بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېنىقلىنى ئېيتقاندا، تويىنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى مۇدىر خاننىنى ئىشخانىغا چاقىرتتى.

مۇدىر بىر تۇتام خەتنى خاننىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— كۆرۈپ بېقىڭ، خاننى، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ماڭا نامسىز خەت يېزىپ، سىزنىڭ ھېلىقى... قېرى مېكىيان بىلەن چەكلەنگەن ئىشنى قىلغانلىقىڭىزنى، دېدى. خاننى ئۆزىڭىزنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئادەم تەربىيەلەيدىغان كىشى ئاۋۋال ئۆزى دۇرۇس بولۇشى كېرەكتە.

خاننىنىڭ شۇ تاپتا پۈت ـ قولى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى. قايتىۋاتقاندا ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، يولدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇنى ئۆيدە قاتتىق بوران ـ چاپقۇن كۈتۈپ تۇراتتى.

— خاننى ئەپەندى، نېمە بولدى، ئىشتىيىڭىز يوققۇ؟ — دېدى خوتۇنى، — نېمە خىيال قىلىۋاتىسىز، ئاشنىڭىز ماننېينى ئويلاۋاتامسىزغۇ دەيمەن، بولدى، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم، دوستلىرىم ماڭا دەپ بەردى. نومۇسسىز، — خوتۇنى سۆزىنى تۈگىتىپ، خاننىنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن بىر كاچات سالدى. خاننى ئۈستەلگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، يېپىنچىسىنىمۇ كىيمەيلا ئۇدۇل ۋانزىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ۋانزى ئۆيدە ئىدى.

— سەن ئەبلەخ، — ئۇ ۋانزىغا ھۆركىرىدى، — سەن نېمىشقا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يۈزۈمگە قارا سۈركەيسەن؟ نېمىشقا ئارقامدىن ماڭا تۆھمەت قىلىسەن؟

— نېمە تۆھمەت، سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ خاننى ئەپەندى، — ۋانزى ھەيران بولدى.

— ھەممىلا يەردە مېنى ماننېينى سۆيۈۋالدى دەپ گەپ تارقاتقان كىم؟ ئەجەبا، سەن پىتنىخور ئەمەسمۇ؟

ۋانزىنىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ، يۈز مۇسكۇللىرى لىپىلداپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ھەيكىلىگە يۈزلىنىپ قەسەم قىلدى:

— ناۋادا مەن خاننى ئەپەندىگە بىر ئېغىز تۆھمەت قىلغان بولسام، پەرۋەردىگارىم مېنىڭ ئىككى كۆزۈمنى قارىغۇ قىلىۋەتسۇن، مەن ئۆي ـ ماكانسىز قالاي، مېنى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار قىلغاي، ھەتتا چاقماق چېقىپ ئۆلەي.

ۋانزىنىڭ قەسىمىدىن گۇمان قىلىدىغان يېرى قالمىغانىدى. ناھايىتى ئېنىقكى ئىغۋا تارقاتقۇچى ئۇ ئەمەس ئىدى.

«بىراق، قايسى ئەبلەخ ماڭا تۆھمەت قىلغاندۇ» خاننى پەقەتلا ئويلاپ يېتەلمىدى. ئۇ تونۇيدىغان بارلىق كىشىلەرنى كاللىسىدىن بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈپ چىقتى. كاللىسىغا مۇشتلاپ تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى:

— بۇ زادى قايسى ئەبلەخنىڭ قىلغان ئىشى.

(«مىكرو ھېكايىلەر»دىن تاللانمىلار 2010 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

# سىمۋولىزم ۋە سۇررېئالىزم شائىرى توماس ترانسترومېر

شى چىنئې

تاھىرجان ئەركىن تەرجىمىسى

2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ جاكارلىغۇچىسى، شىۋېتسىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ دائىمىي ئىشلار باش كاتىپى پېتېر ئېنگلۇند 2011 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبىنىڭ سەكسەن ياشلىق شىۋېتسىيە شائىرى توماس ترانسترومېر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغاندا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ بىزنى رېئاللىققا تۇتاشقان يېڭى يول بىلەن تەمىنلىدى، ئۇ ھېلىھەم ھايات ياشاۋاتقان شائىرلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىقلىرىنىڭ بىرى.» بۇ باش كاتىپ ترانسترومېرنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىدىن ۋاقىپ بولغاندىكى ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىپ، «مېنىڭچە ئۇ بەكلا ھەيران قالدى. ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغان چېغىمدا، ئۇ مۇزىكا ئاڭلاۋېتىپتىكەن» دېدى.

توماس ترانسترومېر ھەقىقەتەن ھەيران بولغان، ھەم خۇشالمۇ بولغانىدى. ئۇ 1993 ـ يىلى تۇنجى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئىسمى ئاتالغاندىن بۇيان، ھەر يىلى دېگۈدەك ئاتىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ كۈننى كۈتكىنىگە يىگىرمە يىلمۇ بولاي دەپ قالدى. ئۇ ۋە ئايالى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش يىللارنى كىمنىڭ ئېرىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. پېتېر ئېنگلۇند ئۇنىڭغا مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇ ئوچۇق قىلىپ، «مېنىڭچە بەك ياخشى بوپتۇ» دېدى. ترانسترومېرنىڭ خانىمى مونىكا، «بىز بەكلا ھەيران قالدۇق» دېدى. شۇ كۈنى چۈشتە ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن تاماق يەۋاتاتتى، شۇ چاغقىچە ھېچكىمدىن تېلېفونمۇ كەلمىگەنىدى. مونىكا «بۇ يىلمۇ بىزگە تەگمىگەن ئوخشايدۇ، بۇمۇ ياخشى بولغىنى» دەپ تۇرۇشىغا، ئېنگلۇندتىن تېلېفون كەلدى. خەۋەر ئاللىقاچان تارقىلىپ بولغانىدى. مۇخبىرلار، فوتوگرافلار شائىرنىڭ تۇرار جايىغا سەلدەك كەلگىلى تۇردى. بىر كورپۇستا ئولتۇرۇشلۇق قوشنىلىرىمۇ شائىرنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئۆز تۇرالغۇلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقىشتى. ترانسترومېر شىۋېتسىيەنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن سەككىزىنچى يازغۇچىسى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شىۋېتسىيەلىك يازغۇچىلار ئېيۋىند جونسون (1900 ــ 1976) بىلەن خاررى مارتىنسون (1904 ــ 1978) بولۇپ، ئۇلار 1974 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا بىرلىكتە نائىل بولغان. قىرىق يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر شىۋېتسىيە يازغۇچىسىنىڭ مۇكاپاتقا نائىل بولۇشى، شىۋېتسىيەلىكلەرنى خۇشال قىلدى ۋە پەخىرلەندۈردى. شىۋېتسىيە باش ۋەزىرى فرېدرىك رېينفېلت ئالاھىدە يازما بايانات ئېلان قىلىپ، «مەن توماس ترانسترومېرنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولدۇم ۋە پەخىرلەندىم» دېدى. ئۇ يەنە ترانسترومېرنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىنىڭ دۆلەت سىرتىدىكىلەرنىڭ شىۋېتسىيە ئەدەبىياتىغا يەنىمۇ يېقىندىن دىققەت قىلىشىنى قوزغايدىغانلىقى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈردى. شىۋېتسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى شىۋېتسىيە مەدەنىيەت ۋەزىرى لېنا لىلىروسنى ئىزدەپ تاپقىنىدا ئۇ جەنۇبىي قىسمىدا مەدەنىيەتنى قوغداش توغرىسىدىكى يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتى. «بەك ياخشى تاللاش بوپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، ــ دېدى مەدەنىيەت ۋەزىرى مۇخبىرغا، ــ بىزنىڭ بۇ

مەدەنىيەت يىغىنىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى ترانستروم‍ېرنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىش بولدى. بۇ يىل باھاردا ئۇنى ۋە خانىمىنى يوقلاپ بارغىنىمدا، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى سوۋغا قىلغانىدى.»

ترانستروم‍ېرنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىك خەۋىرى شىۋېتسىيە بونىر نەشرىياتىنىڭ خىزمەت بىناسىغا يېتىپ كەلگەندە پۈتۈن بىنا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. بۇ نەشرىيات يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ترانستروم‍ېرنىڭ شېئىر توپلاملىرىنى ئىزچىل نەشر قىلىپ كېلىۋاتاتتى. نەشرىيات سودىگىرى ئېۋا بېرنېر، «ئۇ بىر ئۇلۇغ شائىر، ئۇ ئاخىرى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بەك ياخشى بولدى» دېدى. مەزكۇر نەشرىياتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جوناس ئاكسارسون قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرالماي، «بەك قالتىس بولدى، گويا چۈشۈمدىكىدەكلا» دېدى. لوند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسى نىكلاس شېرلىڭ ترانستروم‍ېرنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىكى ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەپ، «مەن كۆز ياشلىرىمنى تۇتۇۋالالمىدىم» دېدى. مۇخبىر ئۇنىڭدىن، «سىز راستىلا يىغلىدىڭىزمۇ»؟ دەپ سورىغىنىدا، ئۇ، «شۇنداق، مەن يىغلىدىم، ئۇنىڭ شېئىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقىنىمغا يىگىرمە يىل بولدى، مەن يەنە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېقىن دوستى» دېدى.

ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېزىتلەر مۇكاپات ئېلان قىلىنغان كۈنى چۈشتىن كېيىن بەس ـ بەستە بۇ توغرۇلۇق باھا ئېلان قىلدى. ئەنگلىيە «گۋاردىيان» گېزىتىنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىسى «توماس ترانستروم‍ېر كۆپچىلىكنىڭ كۈتكىنىدەك نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىششقا تېگىشلىك يازغۇچى» دېدى. نورۋېگىيە «كەچلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە «ترانستروم‍ېرنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى كۆپچىلىكنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقتى. ئۇ ئاللىقاچان شىۋېتسىيە چېگراسىدىن ھالقىپ كەتتى. نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى كىشىلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇماقتا. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىشىگە كۈچلۈك تەسىرىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ» دېيىلدى. دانىيە «ژىللاند پوچتا گېزىتى»نىڭ باياناتىدا «كۆپىنچە كىشىلەر ترانستروم‍ېرنى شىۋېتسىيەنىڭ بىر مۇھىم شائىرى دەپ قارىشىدۇ» دېيىلدى. فىرانسىيەنىڭ فىگارو گېزىتىدە «شىۋېتسىيە شائىرى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى» دېگەن چوڭ ماۋزۇلۇق خەۋەر بېرىلدى. خەۋەر يازغان مۇخبىر گەرچە ئىلگىرى ترانستروم‍ېرنىڭ نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ، «بۇ خەۋەر بىز فىرانسىيەلىكلەرگە نىسبەتەن ئويلىمىغان يەردىن چىقتى، بىراق شىۋېتسىيەلىكلەرگە نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس، توماس ترانستروم‍ېر شىۋېتسىيەنىڭ ئەللىك يىللىق ئىجادىيەت تارىخىغا ئىگە داڭلىق يازغۇچىسى» دېدى. ئىككىنچى كۈنى ئىسپانىيە «دۆلەت گېزىتى»دە توماس ترانستروم‍ېر توغرىسىدىكى زىيارەت خەۋىرى بېرىلدى. گېرمانىيەنىڭ «فرانكفۇرد يوللانمىسى»دا «ترانستروم‍ېر يېڭىچە ئىستىئارەنىڭ ئىجادچىسى، ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشقا يوشۇرۇنغان مەخپىيەتلىكلەرنى ئېچىپ بەردى» دېيىلدى. ھىندىستان ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە «ئىنسانىنىڭ سىرلىق تەرەپلىرى توغرىسىدىكى سۇررېئالىزملىق ئەسەرلەر نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ بۇ ساھىبىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سكاندىناۋىيەدە بارلىققا كەلگەن ئەڭ مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان» دېيىلدى. مېكسىكىنىڭ «ئالەم گېزىتى»دە «بۇ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئۆز ئۆيىدە قالدى» دەپ يېزىلدى.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈرلۈك گېزىتلەرنىڭ باھالىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياۋروپا، بولۇپمۇ شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان. قالغان دۆلەتلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئاددىيراقلا بولغان. فىرانسىيە مۇخبىرى، ھەتتا ترانستروم‍ېرنىڭ نامىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانلىقىنى ئېيتقان. دۆلىتىمىزدىكى ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. 6 ـ ئۆكتەبىر كەچتە ترانستروم‍ېرنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىك

خەۋىرى ئەتراپىغا تارقىلىشى بىلەن تاراتقۇدىكىلەر مەندىن بۇ شىۋېتسىيە يازغۇچىسىنى سۈرۈشتە قىلغىلى تۇردى. بەزىلەر ھەتتا «يېقىنقى يىللاردىن بېرى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان يازغۇچىلارغا بېرىلىۋاتىدۇ، بىراق ئۇلار مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، تېزلىكتە يېڭى بىر ئەدەبىيات مەبۇدىسىگە ئايلىنىۋاتىدۇ» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. شىۋېت تىلى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپداشلارمۇ بۇ يازغۇچىنى ئانچە بەك بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بىلىشىمچە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ بېشىدىلا ترانسترومېر جۇڭگودا تونۇشتۇرۇلغان. بەلكى، دۆلىتىمىزدىكى شائىرلارغا خېلىلا تونۇشلۇق. 1984 - يىلى مەن شىنجاڭنىڭ «ئالاھىدە رايون ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «شىۋېتسىيە ئەدەبىياتىدىن تاللانما»نى تۈزۈپ چىققانىدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە ترانسترومېرنىڭ «مېتروغا چىقىش» ناملىق شېئىرى بار ئىدى. بۇ شېئىرنى مەن شىۋېتچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلغانىدىم. بۇنى يازغۇچىنى دۆلىتىمىزگە تونۇشتۇرغان ئەڭ بۇرۇنقى يازمىلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىسلاندىيەنىڭ «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 4 - سانىدىكى «تاش بوياق» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان ترانسترومېرنىڭ «ئالتە پارچە شېئىر»ى بىلەن ۋاقىت جەھەتتە ئوخشاش. كېيىن شاڭخەي، بېيجىڭ، خۇنەن قاتارلىق جايلاردىكى بىرنەچچە ژۇرناللاردىمۇ ئۇنىڭ بىۋاستە شىۋېتچىدىن، ياكى ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىرمۇنچە شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. بىراق، بىرقەدەر تارقاق بولغانلىقتىن كۆلەم شەكىللەندۈرەلمىگەنىدى. يېڭى ئەسىر كىرگەندىن كېيىن لى لى تۇنجى بولۇپ «ترانسترومېر شېئىرلىرى توپلىمى» (2001)نى نەشردىن چىقاردى، ئۇنىڭدىن كېيىن دوڭ جىپىڭنىڭ «ترانسترومېر شېئىرلىرىدىن تاللانما» (2003)سى نەشردىن چىقتى. بۇ تەرجىمە ئەسەرلەر ترانسترومېرنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى يەنە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بارلىققا كەلگەن «گۇڭگا شېئىر» ئۇسلۇبىغىمۇ مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. ترانسترومېرنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن شائىرلار ناھايىتى خۇش بولدى، چۈنكى ئۇلارغا شائىر تولىمۇ تونۇشلۇق. بەزىلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىنى، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندىكى تۇيغۇسىنى ئەسلەشتى. «دۇنيا خەۋەرلىرى گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە پىروفېسسور سۇي ۋېيپىڭنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، «جۇڭگودىكى شائىرلار بىر خىل غەلىبە تۇيغۇسىغا چۆمدى» دېيىلدى. ئۆزىگە تونۇشلۇق كىشىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇشنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. شېئىر ئانچە بەك ئالقىشقا ئېرىشەلمەيۋاتقان، بەلكى چېكىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا بىر شائىرنىڭ بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولۇشىنى شائىرلارغا بېرىلگەن ئەڭ زور رىغبەت دېيىشكە بولىدۇ. توماس ترانسترومېر يالغۇز ئۆز دۆلىتى شىۋېتسىيەدىلا داڭلىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە باشقا دۆلەتلەردىمۇ نام - ئاتىقى بار شائىر. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىلا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوتتۇز نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. ئوتتۇز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاتمىش خىلدىن ئارتۇق تىلغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇ 1931 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىۋېتسىيەنىڭ پايتەختى ستوكھولمدا تۇغۇلغان ۋە شۇ جايدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. دادىسى تەھرىر، ئاپىسى ئوقۇتقۇچى. ئۇ ئالىي مەكتەپنى ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە كەسپىدە ئوقۇپ، 1956 - يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەن. ئىلگىرى مەزكۇر مەكتەپتە پسىخولوگىيە كەسپىدىن دەرس بەرگەن. كېيىن بالىلارنى ئۆزگەرتىش، تەربىيەلەش ئورنىدا پسىخولوگىيە دوختۇرى بولغان. ئۇ ئون ئۈچ يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. يىگىرمە ئۈچ يېشىدا تۇنجى شېئىر توپلىمى «ئون يەتتە شېئىر»(1954) نەشردىن چىقىپ، ئەينى چاغدىكى شىۋېتسىيە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە زىلزىلە قوزغىغان. كېيىن ئۇ ئارقا - ئارقىدىن «يولدىكى مەخپىيەت» (1958)، «كەمتۈك ئاسمان» (1962)،

«قاراڭغۇلۇقنى كۆرگەندە» (1970)، «ھەقىقەت توسۇقى» (1978)، «ياۋايى مەيدان» (1983)، «ھاياتلار ۋە ئۆلۈكلەر ئۈچۈن» (1989)، «گوندۇرادىكى ھەسرەت» (1996)، «تۇرمە» (2001)، «غايەت سىرلار» (2004) قاتارلىق ئون نەچچە شېئىر توپلىمىنى نەشردىن چىقاردى. ئۇ يەنە ئاۋتوبىيوگرافىك ئەسەرى «ئەستىلىكلەر» (1993) ۋە ئامېرىكىلىق شائىر روبېرت بىلاي بىلەن يېزىشقان خەت ـ چەكلەرىنى «خەت ـ چەكلەر 1964 ـــ 1990» دېگەن نامدا نەشردىن چىقارغان.

1990 ـ يىلى توماس ترانسترومېر تۇيۇقسىز سەكتە كېسىلى سەۋەبلىك، يېرىم پالەچ بولۇپ قالغان. تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ، پەقەت «توغرا»، «ئۇبدان» دېگەندەك ئاددىي سۆزلەرنىلا قىلالايدىغان بولۇپ قالغان. بىراق، ئۇ يەنىلا زېرەك ئىدى، ئىزچىل شېئىر يېزىشتىن توختىمىغانىدى. سالامەتلىكى يار بەرمىگەچكە پەقەت شېئىر يېزىش سۈرئىتىلا ئاستىلاپ قالغانىدى.

ئۇ ئىلگىرى شىۋېتسىيەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن مۇھىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. مەسىلەن، شىۋېتسىيە بېرمان شېئىرىيەت مۇكاپاتى (1966)، گېرمانىيە شېئىرىيەت مۇكاپاتى (1981، 1992)، ئامېرىكا خەلقئارالىق ئەدەبىيات مۇكاپاتى (1990)، شىۋېتسىيە ئىنىستىتۇتى شىمالىي ياۋروپا مۇكاپاتى (1991)، شىۋېتسىيە ئاۋگۇست ئەدەبىيات مۇكاپاتى (1996)، كانادا ئۆمۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى (2007) قاتارلىقلار.

شىۋېتسىيەنىڭ مودېرنىزم شېئىرىيىتى ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە. دۇنيا ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە مودېرنىزم شېئىرىيىتى 1910 ـ يىللىرى شىۋېتسىيەدە باش كۆتۈرگەن، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىش ئارقىلىق دۇنياغا داڭلىق يېتۈك شائىرلار ۋە داڭلىق ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. 1951 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى پار لاگېركۋىست (1891 ـــ 1974) شىۋېتسىيەدىكى بۇ ئېقىمنىڭ تۇنجى باشلامچىسى، شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى ئەڭ ۋەكىللىك يازغۇچى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرى شىۋېتسىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى. بۇ چاغدا سوتسىيال ـ دېموكراتىزم ھەرىكىتىدە بىر تۈركۈم سوتسىيالىزمغا مايىل پرولېتار يازغۇچىلار مەيدانغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، شىۋېتسىيە ئەدەبىياتىنى يېڭىلىققا يۈزلەندۈرگەن. شۇنداقلا بىرقانچە ئاۋانگارت يازغۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىۋېتسىيەنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتى فرانسۇز ۋە گېرمان ئەدەبىياتىغا تەقلىد قىلىشتىن قۇتۇلۇپ، كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، بۇ خىل يۈزلىنىش شېئىرىيەتتە تېخىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن ئارتور لۇندكۋىست (1906 ـــ 1991) ۋە 1974 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى خاررى مارتىنسون قاتارلىقلار بار. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سىمۋولىزم، سۇررېئالىزم ۋە روھ ئانالىزمى شىۋېتسىيەدە ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشكە قەدەم قويىدى. توماس ترانسترومېر دەل مۇشۇنداق چوڭ ۋەزىيەتتە بارلىققا كەلگەن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا بىردىنلا كۆزگە كۆرۈنگەن ياش شائىر. ئۇ مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئاۋانگارتلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغان، ئاڭلىق قوغلىشىش ۋە دادىل ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكنى ياراتقان.

توماس ترانسترومېر شېئىرلىرىنىڭ تېمىسى خىلمۇخىل، تەسۋىرلىرى ئوبرازلىق. ئۇ شېئىرلىرىدا ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئانالىز قىلىپ، ئىنسان روھىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەجمى قىسقا، مەزمۇنى تاۋلانغان، مىسرالىرى سانىۋالغۇدەكلا ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شائىر ئىماگ ۋە ئىستىئارەدىن پايدىلىنىپ، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ياراتقان. شېئىرلىرىدا ئۆزى ئېيتقىنىدەك «تاۋلانغان بولۇش»، «تىلى ئاددىي، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرغان. ئۇ يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشقا قول سېلىپ، ئىستىئارەدىن پايدىلىنىپ ئىنساننىڭ پەيتلىك ئىچكى تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكە ماھىر. مەسىلەن،

ئۇنىڭ «مېتروغا چىقىش»، «72 ـ يىلنىڭ دېكابىر كېچىسى» دېگەن ئىككى شېئىرى باشقا شېئىرلىرىغا ئوخشاش قىسقا ۋە تاۋلانغان. شائىر بۇ شېئىرلىرىدىمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشقا قول سېلىپ، شېئىرلىرىنى «مېترو بېكىتىدە»، «كەلدىم» دېگەندەك ئىنتايىن قىسقا ۋە ئاددىي سۆزلەر بىلەن باشلىغان. ئۆزى بولسا ئۈچىنچى شەخس سالاھىيىتىدە تۇرۇپ دۇنيانى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزەتكەن. بىردەملىك پەيدا بولغان ئىلھام بىلەن تارىخ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا يوشۇرۇنغان ئىچكى مەنىلەرنى خاتىرىلىگەن.

مېترو بېكىتىدە، / ئۆلۈكتەك قېتىپ قالغان چىراغ نۇرى. / ئېلان تاختىلىرى ئارىسىدا، / پىتىرايدۇ كىشىلەر توپى.

پويىز كەلدى، ئېلىپ كەتتى، / چىرايلارنى، ھۆججەت سومكىلىرىنى.

قاراڭغۇلۇق، / ئولتۇرىمىز ۋاگون ئىچىدە ھەيكەللەرسىمان. / ...

پەرشىنىڭ تېگىدىكى بېكەتتە، / كىشىلەر سېتىشار قاراڭغۇنىڭ ئەخبارلىرىنى.
سائەت تاختىسى ئاستىدا. / كىشىلەر پىترىشار ئازابتىن، ياتسىراشتىن.

پويىز ماڭار بىللە ئېلىپ، / چاپانلارنى، روھلارنى.

شائىر بۇ شېئىرىدا رېئال تۇرمۇشتىكى ئىنتايىن ئاددىي بىلىنمىدىغان نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تاۋلاپ، ئۆزىگە خاس بولغان ئىماگىي دۇنيانى ياراتقان. مەسىلەن، «ئولتۇرىمىز ۋاگون ئىچىدە ھەيكەللەرسىمان». بۇ ئىماگ زادى نېمىدىن دېرەك بېرەر؟ شائىر بۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى سوغۇق مۇئامىلىدىن بېشارەت بېرىپ، بېسىم بىلەن تويۇنغان جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھەيكەللەردەك روھسىز، بىپەرۋا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېچىپ بەرمەكچىمىدۇ؟ — بۇ مىسرالار كىشىلەردە تورلۇك ئەسلىمىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. سۆز ئىشلىتىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا شائىر سۆز ئاتلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە يېتەرلىك تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرغان. شېئىر مىسرالىرىدىكى مول ۋە كۆپ مەنىلىك ئىماگلار ئوقۇرمەنلەرنى ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

ترانستروم ېرنىڭ ئىستىئارە ئىشلىتىش قابىلىيىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى. ئىشلەتكەن ئىستىئارەلىرى توغرا ۋە يېڭى، ئىماگلىرى جانلىق ۋە نەپىس. ئۇنىڭ «گوگول» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

ئەسكى چاپاندا، رۇس بۆرىسىنىڭ سىياقى، / مەرمەر سۇنۇقىدا، چىرايىنىڭ ئەكسى، / ئولتۇرىدۇ، خەت ـ چەك دۆۋىسىدە، / كولكە ۋە شاۋقۇنلۇق ئورمان ئىچىدە. / ئاھ، / يۈرەك گويا بىر ۋاراق قەغەز، / ئۇچۇپ ئۆتكەن سوغۇق تونېلدىن.

شۇ پەيتتە، پېتىۋاتقان قۇياش / تۈلكىدەك غىپپىدە ئۆتەر زېمىندىن، / بىمەھەل قىزارغان چۆللۈكتىن.

توماس ترانسترومېر شېئىرلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا قارىتا شۋېتسىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاكادېمىكى، ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى كيېل ئېسپمارك تولىمۇ ئەتراپلىق باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بىردەملىك تۇيغۇ بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانى كۆزىتىشنى بىرلەشتۈرگەن سېھرىي مودېرنىزمچى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوبرازلىق تىل، يەنى

جايىدا قوللىنىلغان يېڭى ئىستىئارە. ئۇ قايسى بىر شېئىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يازغان:

كەلدىم، / شەكىلسىز ئىنساننىڭ سىياقىدا. / ئۇلۇغ ئەسلىمىلەر قوينىدا،

شائىر بىر كۆزەتكۈچى، يۇقىرى ھوقۇق ۋە كىچىك مۇلازىمەت قىلىشنىڭ شاھىتى، ئۇ پايانى يوق قاراڭغۇلۇقنى رازۋېدكا قىلىپ، تارىخ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يوشۇرۇنغان نەمۇنىلەرنى خاتىرىلەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئۆزى يوشۇرۇن تۇرۇپ، قېلىپلاشقان تەرتىپ ـ تۈزۈم ۋە ئىنسانىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ».

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىيات سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

# توماس ترانسترومېرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئومۇمىيلىق[①]

شى چياۋ

ئوغۇزجان ئەنۋەر تەرجىمىسى

توماس ترانسترومېر ئەستە ساقلىشىمىزغا تېگىشلىك يېڭى ئىسىم. كىتابخانىلار، سان ـ ساناقسىز ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارىسىدىن شېئىر ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇن ھازىرلاپ، شېئىرىي كىتابقا بەللىك قويۇپ، ئۈستىگە «2011 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى» دەپ يېزىپ قويۇشى كېرەك. بىر ئۆمۈر بىر كىتاب پىروگراممىمىزدا، ژاك ۋۇدېن ئەپەندى، يەنى توماس ترانسترومېرنىڭ ئەسەرلىرىنى بىردىنبىر فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىمىز.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيو ئىستانسىسى (تۆۋەندە قىسقارتىپ RFI دەپ ئالىمىز): سىز توماس ترانسترومېرغا ئائىت ھەممە ئىشلارنى بىلىسىز. لېكىن، فىرانسىيەلىك ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، توماس ترانسترومېرنى يېڭى بىر بايقاش دېيىشكە بولامدۇ؟

ژاكۋۇدېن: شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئەمەس دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە يىگىرمە يىلدىن بۇيان فىرانسىيەدە ئىزچىل توماس ترانسترومېرنىڭ ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇلۇپ كېلىندى. لېكىن، سىزمۇ بىلىسىز، ھازىرقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە، شېئىر ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. شۇڭا... ھەقىقەتەن، گەرچە گاللىمارد نەشرىياتى ئۇنىڭ فىرانسۇزچە ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن توماس ترانسترومېرنى فىرانسىيە ئوقۇرمەنلىرى بىلمەيدىغان مەشھۇر شائىر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

RFI: ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا سىزنىڭ تەرجىمە قىلىشىڭىز ئارقىلىق، فىرانسىيەلىك ئوقۇرمەنلەر توماس ترانسترومېرنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەھرىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەللىك بەش خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغانىكەن. بەزىلەر توماس ترانسترومېرنى دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن ئاز ساندىكى شىۋېتسىيەلىك ئەدىبلەرنىڭ بىرى، دەپ قارىماقتا. سىز بۇ باھاغا قانداق قارايسىز؟

ژاكۋۇدېن: مېنىڭچە، بۇ باھا بەك توغرا. توماس ترانسترومېر ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەل فىرانسىيەنىڭ سۇررېئالىزمىدۇر. لېكىن، ئۇ سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرى-

① فىرانسىيە خەلقئارا رادىيو ئىستانسىسىنىڭ (RFI) 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى ئاڭلىتىشى.

مايدۇ، دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ شېئىرىيەت ساھەسىدىكى مۇھىم ئەربابلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ شىۋېتسىيەدىكى ژۇرناللاردا ساناقلىقلا ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان؛ بارا ـ بارا جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنىڭدەك بىر شائىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدى. بەزىلەر ھەتتا مەخسۇس شىۋېتسىيەگە بېرىپ ئۇنى يوقلىغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پېشقەدەملەر بار ئىدى.

RFI: بەزىلەر توماس ترانستروم‌ېرنىڭ ئەسەرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھېسداشلىق ۋە ياخشى كۆرۈشنى قوزغىدى دەپ قارىماقتا. ئۇنداقتا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى، ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى ھەممە ئادەم چۈشىنەلەمدۇ؟

ژاكۇۋدېن: شۇنداق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ھەقىقەتەنمۇ ئاددىي، ھەرقانداق ئادەم زوق ئالالايدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايقىيالايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ياشاشقا بولغان ئويلىنىش، ھەربىر شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان ئويلىنىش دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى ئومۇمىيلىققا ئىگە، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە. گەرچە ئۇ شىۋېتسىيەلىك بولسىمۇ، ئۇ ئەسەر ئىجاد قىلىشتا ئۆزىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ھالقىپ كەتكەن، بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن «شىۋېتسىيە» دېگەن سۆزنى ئۇچرىتالمايمىز. لېكىن، نيۇيورك، لىسابون، ۋېنتسىيە، شاڭخەي... قاتارلىق نۇرغۇن يەر ـ جاي ناملىرىنى ئۇچرىتالايمىز. ئۇ ساياھەتكە ئامراق ئادەم، نۇرغۇن يەرلەرگە بارغان. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ستوكھولم ۋە ئۆزى ياشىغان شىۋېتسىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. لېكىن، بىز شىۋېتسىيەنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرىدىن ھەقىقىي شىۋېتسىيەنى ھېس قىلالايمىز: ئورمانلىق، ستوكھولم يېرىم ئارىلى، ساناقسىز چوڭ ـ كىچىك ئاراللار...

ئەلۋەتتە، بەزى كىچىك بەلگىلەرمۇ بىزنى تىپىك شىۋېتسىيەگە باشلاپ كىرىدۇ. ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۈزلۈكىنى تاپالايدۇ. ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا قەلب رىشتىسى بولىدۇ، بۇ سەل سىرلىق ئىلىم تۇسى بەرسە كېرەك. مەن ھەمىشە ياكى بۇرۇن دېسەم بولغۇدەك، فىرانسۇز تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەردە تەبىئەت ئادەملەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشىغا پايدىلىق نەرسە، يېزا ئىگىلىكىگە مەنسۇپ دەپ قارايتتىم. ھالبۇكى، شىۋېتسىيەدە، كىشىلەر تەبىئەت بىلەن ماس ياشىماستىن، بەلكى تەبىئەت ئىچىدە ياشايدىكەن. شۇڭا، ئورمان، ئاسمان، گۈگۈم، قىشتىكى زىمىستان، سۈزۈكلۈك، پاكىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك مەنىسى بولىدىكەن. شىمالىي ياۋروپادا ياشايدىغان ياكى بۇرۇن شىمالىي ياۋروپادا ياشىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە شۇنداق ئاددىي ئىشلار ئىكەن.

RFI: توماس ترانستروم‌ېرنىڭ بەزى شېئىرلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى خايكۇ شەكلىدە ئىكەن، ئۇ ياپونىيە شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانمۇ قانداق؟

ژاكۇۋدېن: شۇنداق. بۇ ئەمەلىيەت. بۇ يەردە مەن توماس ترانستروم‌ېرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سەل بايان قىلىپ قوياي. ئۇ ئىلگىرى ئېغىر دەرىجىدە مېڭە سىلكىنىشكە ئۇچرىغان. 1990 ـ يىلى، بىر مەزگىل ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يوقىتىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ۋە بەدىنىنىڭ ئاستى قىسمى پالەچ بولۇپ قالغان. ئۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى چەكلىنىپ ئۇچراپ، كۈنلىرى يىلدەك ئاستا ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا، ئۇ ھەرگىزمۇ «بالتىق دېڭىزى»دەك سىمفونىيەگە ئوخشاپ كېتىدىغان داستانلارنى يېزىپ چىقالمايتتى. شۇڭا، ياپونىيەنىڭ خايكو ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يوقىتىش كېسەلى بىلەن تىركىشىدىغان ئۇسۇلى بولۇپ قالغان.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

# بىر پارچە شېئىر بىر چۈش دېمەكتۇر

ۋاڭ خۇا

ھەزرىتى ئەلى بارات تەرجىمىسى

«شېئىر مەن ئۇچۇن ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشۈمدۇر. چۈش بىلەن شېئىر بىر ئادەمنىڭ ئوخشاش بىر قىسمىدىن كېلىدۇ، قىسمەن ھاللاردا ئوخشاش بىر قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ.» توماس ترانستروميېر شېئىر ئىجادىيىتىنى ئەنە شۇنداق تەرىپلەيدۇ. ئۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە شېئىرىي سەنئەتنى نامايان قىلغىنى ئۇچۇن ئەدەبىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى تارقاتقان ئەللىك مىڭ كورۇنا كاتتا مۇكاپاتقا نائىل بولدى. ئۇ پسىخىك دوختۇرلۇقى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان ۋاقتى يېزىقچىلىق، پىيانىنو چېلىش ۋە كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى بەك جىق يازغۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قارايدۇ، ئەيكەيلوفۇ، ئېلىيوت، پاستېرناك، دىران توماس قاتارلىقلاردىن باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ساناپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى شېئىردىن باشقا ئاممىۋى ئىلىم - پەن، تارىخ، بىيوگرافىيە قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

سوئال: سىز ھازىر نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش، بىرەر نەرسە يېزىۋاتامسىز؟

جاۋاب: كەلگۈسىدە بىرەر نەتىجە چىقىپ قالىدىغاندەك، ئاللىقانداق ئىشلار بىلەن ئالدىراشلا يۈرىمەن. لېكىن، ئىشلىرىمنىڭ يۈرۈشۈشى بەكلا ئاستا.

سوئال: شېئىر قانداق يېزىلىدۇ، شېئىر يېزىشتىكى ئىلھام نەدىن كېلىدۇ؟

جاۋاب: ئىلھام ھەر خىل شەكىلدە كېلىدۇ. قاتتىق ھاياجاننىڭ شېئىر بولۇپ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن ئادەتتە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. چۈنكى، قىلىدىغان خىزمىتىم بار بولغاچقا، دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئۇنچە جىق ۋاقىت چىقمايدۇ.

سوئال: شېئىرىڭىزنىمۇ بىر خىل پسىخىك داۋا ئورنىدا كۆرەمسىز؟

جاۋاب: شېئىر مېنىڭ سەنئەت تۇيغۇسىغا ئىگە بەزى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشىمدىكى بىر ئېھتىياج. ئىجادىيىتىم بەك ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتسە، تازا قانائەت ھاسىل قىلالمايمەن.

سوئال: يېزىقچىلىق ئارقىلىق بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆزلەمسىز؟

جاۋاب: مەندە بۇنداق ھالەت كۆرۈلۈپ باقمىدى. ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنىڭ ئۆزىلا بىر مەسىلە. كۆزدە شېئىر ئىجادىيىتىمدە زورۇقۇپ قالغان چاغلىرىمدا ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسورى خېلمو رۇنگرىن بىلەن بىرلىكتە «شېئىرلار» نى تەرجىمە قىلىشقا باشلايمىز. ئۇ تىلغا پىششىق بولغاچقا تەرجىمىسىنى ئىشلەيدۇ، مەن تەرجىمىسى پۈتكەن قىسمىغا شېئىرىي شەكىل ئاتا قىلىشقا مەسئۇل بولىمەن.

سوئال: شېئىرلىرىڭىزدىن مۇزىكا بىلەن بولغان بىر خىل روشەن باغلىنىشنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. سىز ئاڭلىغان شۇ مۇزىكا بىلەن بەزى شېئىرلىرىڭىزدىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان مۇزىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

جاۋاب: دەسلەپكى مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىمغا بىردىن مۇزىكا ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

لېكىن، شېئىرلىرىمنىڭ نوتا ئىشلەنگەنلىرى تولىمۇ ئاز.

مۇزىكىلىق تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىم بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇنچە بەك ئۇچراپ كەتمەيمەن. شەكىل تۇيغۇسى ئاۋازنىڭ تەدرىجىي كۆچىيىشىگە تەرەققىي قىلىدۇ. شېئىر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشۈش جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . . . يۈزەكى نۇقتىدىن ئېيتسام، شېئىرلىرىم رەسساملىق بىلەن بىر تۇغقان. مەن رەسىم سىزىشقا، بولۇپمۇ سۇ بوياق رەسىملەرنى سىزىشقا ئامراق، ياش ۋاقتىمدىلا رەسىم سىزىشقا كىرىشكەنمەن.

ئىستېداد جەھەتتە ئۇنچە كارامىتىممۇ يوق. ئۆزۈم قىزىققىنىدىن، ماڭا تەسىر قىلالىغان نەرسىلەر ئۈستىدىلا سۆز ئاچىمەن. ئىشتىن سىرتقى ئىشلارنى قىلىش ماڭا بەك ھۇزۇر بىلىنىدۇ، بىر ئىشنىڭ ئەھلىگە ئايلانغان چېغىڭىزدا بەكلا قۇسۇرچى بولۇپ كېتىسىز. شېئىرىيەت جەھەتتە مېنى كەسىپ ئەھلى دېيىشكە بولىدۇ، شۇڭا مەن قۇسۇر تېپىشقا ئامراق، خاتالىقلارنى، قىيىنچىلىقلارنى، مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئاسانلا بايقىۋالىمەن. مۇزىكا جەھەتتىمۇ شۇنداق، بۇ جەھەتتە ئۆزۈمنى كەسىپ ئەھلى ھېسابلىساممۇ بولىدۇ.

سوئال: كىشىلەر سىزنى زىيالىي شائىر دەپ قارايدىكەن.

جاۋاب: شېئىرلىرىم جىق كىشىلەرگە بىمەنە تۇيۇلىدۇ. شېئىر ئادەمنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ، ئۇنى چۈش بىلەن بىر تۇغقان دېيىشكە بولىدۇ. چۈشنى ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلگۈدەك ھالەتتە تاۋلاپ چىقىش ئوڭاي ئەمەس. شېئىر ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق تەسۋىرلەپ قويسا بولىدىغان نەرسە ئەمەس.

# تېپىشماق ئايدىڭلاشسۇن

ۋاڭ خۇا

ھەزرىتى ئەلى بارات تەرجىمىسى

سوئال: شېئىرلىرىڭىزدا ئۆتمۈش ناھايىتى روشەن ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، سىز كونا دەۋرنى ئېمىشقا شۇنچىۋالا كۆپ ئەسلەيسىز؟

جاۋاب: بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم: كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئارىسىدا يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق قېلىپلىشىپ كەتكەن كۆزقاراشنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى. مېنىڭچە، شەيئىلەرگە تارىخىي نەزەردە قاراش بەك مۇھىم، بۇنداق بولغاندا ئادەم ۋاقىت جەھەتتىكى چېقىش نۇقتىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ھەرگىزمۇ كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتقىلا تىكىلىۋالمايدۇ.

سوئال: شېئىرلىرىڭىز ھەمىشە مۇئەييەن بىر ئوبيېكتتىن باشلىنىدىكەن.

جاۋاب: شېئىرلىرىمنى مۇئەييەن بىر ئوبيېكت ياكى ھالەتتىن باشلايمەن، يەنى شېئىرلىرىم ئۈچۈن بىر «ئۇل» قۇرۇپ چىقىمەن. بۇمۇ مېنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىمدىكى ئالاھىدە بىر تەرەپ. شېئىر گاھىدا ئېنىق بىر ئوبرازدىن تۇغۇلىدۇ. ئوبراز مۇرەككەپ بىر ھالەتنىڭ تاۋلىنىشى، ئۇ شۇ ھالەتنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ دەسلەپتە يازغان شېئىرلىرىمدا ناھايىتى جىق ئوبرازلار بار.

سوئال: مۇنداق بىر سوئالنى سوراپ باقاي: شېئىر يېزىش ئارقىلىق بىرەر مەقسەتكە يەتمەكچى بولامسىز؟

جاۋاب: بۇ سوئالغا ئېنىق بىر جاۋابنى بەرگىلى بولمايدۇ. مۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ: ھايات مەن

ئۇچۇن بىر تېپىشماق، مەن مۇشۇ تېپىشماقنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى. مەن ئاشۇ رېئاللىقنى، ئۆزۈم ھېس قىلغان، تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدىغان ئاشۇ ھاياتنى ئېنىق بىر شەكىلدە تەسۋىرلەپ بەرسەمكەن دەيمەن.

سوئال: دەسلەپتە يازغان شېئىرلىرىڭىزغا ئىسمىڭىزنى يازمىغانىدىڭىز. كېيىن «مەن» ئاپتورلۇقىدىكى شېئىرلىرىڭىز بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى.

جاۋاب: شۇنداق. مەسىلەن، تۇنجى كىتابىمدا ۋۇجۇدۇمدىكى ياۋزۇلۇقنى «ئىمزاسىز» ھالەتتە ئاشكارىلاشقا مەجبۇر ئىدىم، شېئىر ئاپتورىنى ئاشكارىلىمىسام، ئوقۇغانلار كىمنىڭ يازغانلىقىنى بىلەلمەيتتى. كېيىن بۇ ئويۇمدىن ۋاز كەچتىم. شېئىرنى ئۆزۈم يازغانلىقىمنى مەخپىي تۇتۇۋېرىشكە ئامالسىز قالدىم.

سوئال: ساياھەتكە جىق چىقىدىكەنسىز، بۇ شېئىرلىرىڭىزدىمۇ جىق ئەكس ئېتىدىكەن. قىلغان ساياھەتلىرىڭىز شېئىر يېزىشىڭىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

جاۋاب: 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، ساياھەتكە چىقىشقا باشلىدىم. شەرق دۆلەتلىرىگە، شەرقىي ياۋروپاغا، ئافرىقىغا باردىم. دائىم ئۆزۈم يالغۇز ساياھەت قىلىمەن. شۇ ساياھەتلەر داۋامىدا ئۆز ئوبرازىمنى ئىزدىدىم، چوڭقۇر تەسىراتلارغىمۇ ئېرىشتىم، سەپەر جەريانىدا ئېرىشكەن شۇ تەسىراتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى «سەپەر مەخپىيەتلىكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمدا ئەكس ئەتكۈزدۇم.

سوئال: پىسخىك دوختۇرلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەنسىز. بۇ سىز ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

جاۋاب: نۇرغۇن نەرسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ. ئېغىر مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن كۈندە ئالاقە قىلىپ تۇرىمەن. بۇ مېنىڭ تۇرمۇشقا بولغان كۆزقارىشىمغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنى دەماللىققا ھېس قىلغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. «ئاۋاز تۇسى ۋە ئاياغ ئىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمدا روكىستۇندا ئىشلىگەن پىسخىك خىزمىتىمنى تولۇق ئەكس ئەتكۈزدۇم دېيەلەيمۇ بولىدۇ. «غۇۋا كۆرۈش سەزگۈم» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىمۇ «كېچىلىك ئىسمىنا» ناملىق شېئىر بىلەن باشلىغانىمەن.

سوئال: بەزىلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراپسىز. مەسىلەن، يۇڭ خوكونسېن سىزنى «دىنغا بولغان ھۆرمىتىنى شېئىرلىرىدىكى تۇتۇقلۇق ئارىسىغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ» دەپتىكەن. ئۇنىڭ مۇشۇ گېپى توغرىمۇ؟

جاۋاب: بۇ، كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزۈمنى مىستىك دېيەلەيمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئېتىقادقا بولغان كۆزقارىشىم بەك تۇتۇق.

سوئال: 60 ـ يىللار نۇرغۇن يازغۇچىلارنى بەكلا سىياسىيلاشتۇرۇۋېتىپتىكەن. شۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىڭىزدا بۇنداق ئۆزگىرىش ئانچە زور ئەمەسكەن، لېكىن شېئىرلىرىڭىز سىياسىي مەيدانى يوق دەپ تەنقىد قىلىنىدىكەن.

جاۋاب: شېئىرلىرىمدا چىنلىقنى ئەكس ئەتكۈزۈشكە كۈچەيمەن. ئۆزۈمگە كونكرېت تۇيۇلغان، ئۆزۈم ھېس قىلغان نەرسىلىرىمنى سىياسىي ئەندىزىنىڭ ئالدىغا قويۇشۇم مۇمكىن، سىياسىي ئەندىزە ياكى لايىھە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، خىزمەت جەريانىدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تولا ئۇچراپ تۇرىمەن. شۇڭا، مەندە ئازراقمۇ «ناچار ئۆزۈمچىللىك» ئىپادىسى كۆرۈلمەيدۇ.

سوئال: شېئىرلىرىڭىزدا ئىپادىلەنگەن مۇزىكىلىق تۇيغۇ ھەققىدە جىق مۇنازىرىلەر بولۇندى. مۇزىكا ئىلھام مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سىز ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

(ئاخىرى 74 ـ بەتتە)

# توماس ترانسترومېر شېئىرلىرىدىن

## پەرھات ئىلياس تەرجىمىسى

توماس ترانسترومېر (1931 ــ) شىۋېتسىيەنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى. «ئون يەتتە شېئىر»ى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان ھەمدە بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىكى شىۋېتسىيە ئەدەبىياتىدىكى كاتتا ئىش دەپ قارالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا قەدىمكى يۇنان شېئىرلىرى بىلەن باروك شېئىرىيىتى ۋە ئۇستۇن رېئالىزم شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇ «پىشقان ۋە غوۋا تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە جانلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەنلىكى» ئۈچۈن 2011 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئون يەتتە شېئىر»، «يولدىكى مەخپىيەت»، «چالا پۈتكەن جەننەت»، «ئاۋاز ۋە ئىز»، «ھەقىقەت توسقۇنلۇقى»، «ئەسەبىي بازار» قاتارلىقلار بار.

### مەرسىيە

ئاچقىنىمدا تۈنجى ئىشىكنى
ئاپتاپلىق بىر چوڭ ئۆي كۆرۈندى
سىرتتىن ئېغىر ماشىنا ئۆتۈپ
چىنە ـ قاچا جاراڭشىپ كەتتى

ئاچتىم مانا ئىككىنچىسىنى
دوستۇم! ئىچسەڭ قاراڭغۇلۇقنى
كۆرەلەيسەن ئاندىن ئىچىنى

ئۈچىنچىسى قىستاڭ ياتاقتۇر
دېرىزىسى خىلۋەت كوچىدا
يول چىرىغى جىلۋە قىلماقتا
ئوخشار ئۆتمۈش گۈزەل داشقالغا

### ئاداققى كۈي

مەن بىر ئىلمەك بۇ دۇنيانى سىيپاپ ئۆتكەن
ئىلاي دېسەم ھېچبىر نەرسەم يوق دۇنيادا
نەپرەت ھارغىن، بويسۇنۇشلار جۇشقۇن ئەمما
ئىجراچىلار تاش يىغماقتا
تەگرىمۇ ھەم ساھىللارغا خەت يازماقتا

جىمجىت بىر ئۆي ــ جاھازلىرى كۆرۈنمەكتە
ئاي نۇرىدا پەر قاققاندەك كۆزلىرىمگە
ئۆتۈپ قۇرۇق ساۋۇت ئىچرە بىر ئورماندىن
ئاستا ـ ئاستا كىرمەكتىمەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە

### چالا پۈتكەن جەننەت

ئاجىزلىق توختاتتى ئۆز سەپىرىنى
قورقۇنچ توختاتتى ئۆز سەپىرىنى
تازقارا توختاتتى ئۆز پەرۋازىنى

تېتىمپ كۆردى ھەتتا ئەرۋاھمۇ
چاچراپ چىققان نۇرلارنى

پەيدا بولغان كۇندۇزلەردە رەسىملىرىمىز
بىز مۇز دەۋرى رەسىمخانىسىدىكى قىزىل
مەخلۇقلارمىز

ئەتراپقا باقماقتا جىمىكى نەرسە
توپ ـ توپىمىز بىلەن ماڭماقتىمىز قۇياشلىق يەرگە

يېرىم ئوچۇق ئىشىكتۇر ھەربىر ئىنسان
ئورتاق بىر ئۆيگىلا كىرىدىغان

چەكسىز زېمىن ئايغىمىزدا
سۇ يالتىرىماقتا ئورماندا

كۆل — دېرىزىدۇر ئۇدۇللانغان يەر يادروسىغا

## قارا تاغ

ماشىنىمىز كىرىپ يەنە بىر تاغ ئەگمىسىگە،
تاغ قاراڭغۇسىدىن شۈڭگۈپ چىقىپ ياماشقىلى
تۇردى كۆنگە
ماشىنا ئىچى قىستاڭچىلىق.
مۇستەبىتنىڭ باش سۆرىتىمۇ گېزىتكە
ئوراقلىق.
هاراق بوتۇلكىسى ئېغىزدىن - ئېغىزغا
كۆچمەكتە
ئۆلۈم هاملە مېڭى خىلمۇخىل سۆرئەتتە
ئۆسمەكتە ھەممىمىزنىڭ تېنىمىزدە
تاغ چوققىسىدا زۇمرەت دېڭىز پايانسىز كۆكنى
قوغلاپ يۈرمەكتە

## بىر پارچە خەتكە جاۋاب


ئەڭ ئاستىنقى قەۋەت تارتمىدىن تېپىۋالدىم بىر
پارچە خەتنى،
يىگىرمە ئالتە يىل مۇقەددەم تونجى قېتىم
تاپشۇرۇۋالغان.
قولۇمدا ھېلىھەم تۇرماقتا ھاسىراپ شۇ خەت،
ئالاقزەدىلىك ئىچرە يېزىلغان.

بىر ئۆيدە بەش دېرىزە:
تۆت دېرىزە كۆن نۇرىدا شۇنچە نۇرانە،
سۈپسۈزۈك ھەم تىنچقىنا.
بەشىنچىسىدە بۇلۇتلۇق ئاسمان،
چاقماقتا چاقماق،
چىقماقتا بوران.
قولۇمدا شۇ خەت،
باردىم بەشىنچى دېرىزە تامان

بەزەن سەيشەنبە بىلەن چارشەنبىنى ئايرىۋېتەر
پايانسىز بىر ھالقا،
لېكىن يىگىرمە ئالتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ
شۇنچە ئىلدام.
ۋاقىت دېگەن تۈز يول ئەمەس،
ئېرىتقۇ قەسىردۇركى ئەگرى ھەم كاتالاڭ،
گەر تېمىغا قولاق ياقساڭ،
ئاڭلىنىدۇ شۇنداق بىر ئاھاڭ،
ھېس قىلىسەن يەنە بىر تەرەپتىن
كېلىۋاتقىنىڭنى شۇ قەدەر گاراڭ

ئاشۇ خەتكە جاۋاب بەردىممۇ؟
يوق ئېسىمدە.
قالغان ئىش ئۇ يىراق دەۋردە.
دېڭىزنىڭ سانسىز بوسۇغىلىرى لەيلىمەكتە.
يۈرەك سېكۇنت - سېكۇنتلاپ سەكرىمەكتە.
سەكرىگەندەك ئاۋغۇست كېچىسى چار پاقىلار
ساسلىق يەردە

جاۋابسىز خەت تۇرمەكلەنگەن،
ئوخشاپ ئۇسال ھاۋادىن خەۋەر بەرگۈچى قات -
قات بۇلۇتلارغا.
توسالغۇدۇر كۆن نۇرىغا.
بىر كۆنى جاۋاب بېرىش نېسىپ بولغۇسىدۇر
ماڭا.
ئويلىرىمنى يىغاي ئۆلۈپ كەتكەن چېغىمدىلا
ياكى كېتىپ بۇ يەردىن يىراق جايغا،
ئۆز - ئۆزۈمنى بايقاپ قايتا،
مەن ئەمدىلا يېتىپ بارغاندا،
ئاشۇ كاتتا شەھەردە سەيلە قىلغاندا،
125 - نومۇرلۇق كوچىدا،
ئەخلەتلەر ئۇسسۇل ئوينار شامالدا،
ئامراقمەن لاغايلاشقا،
يوقاپ كېتىشكە كىشىلەر ئارا،
T دىن باشلانغان پايانسىز تېكىست دېڭىزىدا
(خەنزۇچە «ياۋروپا شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن» ناملىق كىتابتىن)




# «ماراتنىڭ ئۆلۈمى» ئارقىسىدىكى قاتىللىق

خۇئېر

زۆھرە ھامۇت تەرجىمىسى

فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى تىلغا ئېلىنسا، ھەممىشە ماراتنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلابچى ۋە قەھرىمان ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئەمما، بەزىلەر ئۇنى قانخور جاللات دەپ قارايدۇ. داۋىد ۋە پودنىڭ ئۇنىڭ قەستكە ئۇچرىشىنى ئەكس ئەتكۈزگەن رەسىملىرى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراشقا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

## «خەلقنىڭ دوستى»مۇ ياكى «قانخور مارات»مۇ؟

ژان پائول مارات شىۋېيتسارىيەدىكى نېۋچاتېلنىڭ ئەتراپىدىكى بۇدرىدا تۇغۇلغان. 1775 ـ يىلى ئاستا خاراكتېرلىك سۆزنەك توغرىسىدىكى بىر پارچە ماقالىسى بىلەن شوتلاندىيە ئاندرېۋس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېدىتسىنا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ لوندوندا بىر ئامبۇلاتورىيە ئاچقانلىقىنىلا بىلەتتى. 1776 ـ يىلى مارات پارىژغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ يەردە ئۇ بىر بىمارنىڭ يولدىشىنىڭ ياردىمىدە، 1776 ـ يىلى لۇئى XIV نىڭ كىچىك ئىنىسى بولىدۇ. كېيىن چارلىزنىڭ ئەۋلادى گىراف ئارتويسنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ دوختۇرى بولىدۇ.

ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ئىچىدە ئوردا دوختۇرى بولغان مارات ئۆزىنىڭ يۇقىرى كىرىمى ئارقىلىق ئاشنىسىنىڭ ئۆيىدە بىر تەجرىبىخانا قۇرىدۇ ھەمدە ئۇزۇقسىز تۈردە ئوت، ئىسسىقلىق، ئېلېكتىر، نۇرغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، پارىژ ئىلىم ساھەسىدە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، ئاكادېمىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يەڭگىلتەكلىك بىلەن نيوتون مېخانىكىسىغا قارشى چىقىشى نۇرغۇن ئاكادېمىكلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ 1780 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «جىنايى ئىشلار قانۇنى تۈزۈش لايىھەسى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە دەپ قارىلىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چەكلىنىشى ئۇنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرىدۇ. «ئادىمىيەت پەلسەپىسىگە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر»نىڭ ئىككىنچى تومىدا، فىزىيولوگىيە روھ بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ھەل قىلالايدۇ دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلمنى ھۆرمەتلەيدىغان مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ پەيدا بولغان.

فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، مارات دوختۇرلۇق ۋە تەتقىقاتچىلىق سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتىپ سىياسىيغا يۈرۈش قىلغان. ئۇ ئاۋۋال «ۋەتەنگە تەقدىم» ناملىق كىتابچىنى نەشر قىلدۇرۇپ، پادىشاھنىڭ پەقەت

ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىغىلا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن كارى يوقلۇقىنى جاكارلايدۇ. 1789 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، مارات بىر گېزىتنى نەشر قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىسمى «ۋەتەنپەرۋەرلىك باشلامچىسى» بولۇپ، كېيىن ئاخىرىدا «خەلق دوستى گېزىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆزى نەشر قىلغان بۇ گېزىتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان يوقىلاڭ ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ شاھ سارىيىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ.

«مىللىي ئۇيۇشما»نىڭ سايلىشى بىلەن پارىژ ۋەكىلى بولغان مارات ھەر خىل سورۇنلاردا پارىژدىكى ئاددىي شەھەر ئاھالىسىنىڭ سىنىپىي مۇھەببىتىنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ مۇستەبىت سىياسىينى داۋراڭ سېلىپ، زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ئىنقىلابنى تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك قەتلىئام يۈرگۈزۈشنى جار سالىدۇ، بولۇپمۇ ئاۋۋال ئاقسۆڭەكلەردىن ئېھتىيات قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىنقىلابنى يوقىتىۋېتىشنى مەخپىي پىلانلاۋاتاتتى. «بەش يۈز ئالتە يۈز ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئارقىلىق تىنچ، ئەركىن ۋە بەختىيارلىقىڭىزغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ساختا ئىنسانپەرۋەرلىك پۇت ـ قولىڭىزنى چۈشەپ، جەڭگىۋارلىقىڭىزنى سۇندۇرىدۇ، مۇشۇنداق بولغانلىقتىن مىليونلىغان قېرىنداشلىرىڭىز جېنىدىن جۇدا بولىدۇ.» ئۇ 1790 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مۇشۇنداق يازغانىدى.

ئاتاقلىق تارىخشۇناس فىرانسۇۋا مىگنىي ئۆزىنىڭ «فىرانسىيە ئىنقىلاب تارىخى»دا تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن: «ماراتنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە قانۇن ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئويلانمايدىغان، قىلچە ھېيىقمايدىغان بىر خىل رەھىمسىزلىك بار... ئىنقىلاب دەۋرىدە ماراتقا ئوخشاشلا رەھىمسىز، قانخور پائالىيەتچىلەر بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭدەك يامان تەسىر پەيدا قىلالمىغان.»

بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇ «بويى پاكار، تەن قۇرۇلۇشى غەلىتە، بەتبەشىرە» دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ يەنە «قاپارتمىلىق تېرە ياللۇغى»غا گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى بىرقانچە يىلدا، دورىلىق سۇ قاچىلانغان ۋاننىغا چىلىنىش ئارقىلىق تېرىسىنىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتكەن (ئۇ ۋاننىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە ئىش بېجىرگەن، ئۆزى گۇمان قىلغان «ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار»نى تىزىملاپ، ئاندىن تېزلىكتە سوراق قىلىپ، جازاغا ھۆكۈم قىلغان، ھەممىشە سوت قىلمايلا دار ئاستىغا ئېلىپ چىققان).

ماراتنىڭ بۇ خىل ۋەھشىيانە ھەرىكىتى رادىكاللاردىن بولغان شارلوت كېداينىڭ چەكسىز نەپرىتىنى قوزغىغان.

«مەن ئۇنىڭ فىرانسىيەنى قالايمىقان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم...»

شارلوت كېداي نورماندى ئەتراپىدىكى سايىنت ساتۇرنىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاپىسى كىلاسسىك تىراگېدىيە ئۇستازى پىئېر كورنېلنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بالىلىق چاغلىرىدا ئاپىسى ۋە ئاچىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپ، دادىسى قاتتىق ئازاب ئىچىدە شارلوت ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسىنى شارلوتنىڭ ھاممىسى تۇرۇشلۇق نورماندىكى كائېن شەھىرىگە ئاپىرىدۇ ھەمدە كائېن شەھەرلىك موناستىرغا ئەكىرىپ بېرىدۇ. كېداي موناستىر كۈتۈپخانىسىدا تۈنجى بولۇپ پىلۇتارك، رۇسسو، ۋولتېرلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيەلەيدۇ.

كېداي رادىكال ياكوبىنچىلارنى ئىنچىل ياقتۇرمايتتى، ئەكسىچە مۆتىدىل كەلگەن ژىروندىچىلارغا مايىل ئىدى. 1793 ـ يىلى 5 ـ 6 ـ ئايلاردا ژىروندىچىلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، كائېن شەھىرى مىللىي ئۇيۇشمىغا قارشى «ئىتتىپاقداشلار» پائالىيەت مەركىزىگە ئايلىنىدۇ.

كېداي مونارخىست ئەمەس. ئۇنىڭ ماراتقا بولغان نەپرىتى 1972 ـ يىلىدىكى «سېنتەبىر چوڭ قىرغىنچىلىقى»دا كۆپ قىسمى ئادەتتىكى قانۇنغا بوزغۇنچىلىق قىلىش سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغان 1200 دىن كۆپرەك ئادەمنى سوراقمۇ

قىلمايلا كالىلىسىنى ئالغانلىقى، ماراتنىڭ بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەتكار ئىكەنلىكى، يەنە بىرقانچە قېتىملىق ۋەقەدىمۇ ماراتنىڭ ئىنتايىن قەبىھ بولغانلىقىدىن ئىدى. ئۇ يەنە مارات جار سالغان پادىشاھ لۇئى XIV نى ئۆلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايتتى. ھەتتا جۇمھۇرىيەتنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىگە كەلگەن بارلىق تەھدىتنىڭ يادروسى مارات ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇڭا، مارات چوقۇم ئۆلۈشى كېرەك دەپ قارايتتى.

1973 يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يىگىرمە بەش ياشلىق كېداي كائېن شەھىرىدىن ئايرىلىپ، پلۇتاركنىڭ «يۇنان رىم ئەربابلىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابچىنى ئېلىپ، پەيتونغا ئولتۇرۇپ پارىژغا يېتىپ كېلىپ، 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى ماراتنىڭ ئۆيىگە باردى. كېداي بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىم ئىشىك چەككەندە، ھوشيار ئۆي ئىگىسى ۋە ماراتنىڭ بىللە تۇرۇۋاتقان ئاشنىسى سىموننى تەرىپىدىن ئىشىك سىرتىدىلا توسۇۋېلىندى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ئىشىك چەككەندىمۇ ئوخشاشلا رەت قىلىندى. بۇ قېتىم كېداينىڭ بولدى قىلغۇسى كەلمەي، ئاخىر ئىككى تەرەپ جېدەللىشىپ قالدى. ۋارقىراشقان ئاۋازلار مۇنچا ئۆيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ماراتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا، سىموننى ئۇنىڭغا كائېندىن كەلگەن ياش بىر ئايالنىڭ ژىروندىچىلارغا ئائىت ئاخبارات ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، يۈزتۇرا دوكلات قىلىمەن دەپ تۇرىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ مۇنچا ئۆيگە كىرگەن كېداي ئىسىملارنى ئارقا ـ ئارقىدىن دوكلات قىلىشقا باشلايدۇ. ۋاننا ئىچىدىكى مارات خاتىرىلىگەچ سوغۇق كۈلۈپ، «بەك ياخشى بولدى! بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇلار پارىژدىكى دار ئاستىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزى تۈگەپ تۇرۇشىغا، كېداي روملى ئىچىدىن پىچاقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئۆپكىسى، بويۇن تومۇرلىرىغا تىقىدۇ. ماراتنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازى پۈتۈن قورۇنى بىر ئالدۇ. سىموننى مۇنچىغا ئېتىلىپ كىرگەندە، مارات سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. «قەدىرلىكىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!» بۇ ماراتنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بولۇپ قالدى.

كېداي قېچىپ كېتەلمەي، نەق مەيداندىلا قولغا ئېلىندى. «ئىنقىلابىي سوت»تا سوراق قىلىنغاندا، كېداي ماراتنى ئۆلتۈرۈشتە ئۆزى يالغۇز ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ھېچنېمىدىن قورقماي مۇنداق جاۋاب بېردى: «ماراتنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟»، «فىرانسىيەدىكى قالايمىقانچىلىقنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن»، «بۇ ئىشنى پىلانلىغىنىڭغا ئۇزاق بولغانمۇ؟»، «5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلق ۋەكىللىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن مۇشۇ ئويغا كەلگەن»، «ئۇنداقتا سەن گېزىتتىن ماراتنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى كۆرگەنمىدىڭ؟»، «شۇنداق، مەن ئۇنىڭ فىرانسىيەنى قالايمىقان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن...»

ئارقىدىن ئۇ روبېسپېر پادىشاھ لۇئى XVI گە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاش «مەن يۈز مىڭ ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، گۇناھسىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر رەزىلنى ئۆلتۈردۈم. دۆلىتىمنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بىر يىرتقۇچنى ئۆلتۈردۈم، ئىنقىلاب ئالدىدا مەن ئەزەلدىن روھىم ئۇرغۇپ تۇرغان، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جۇمھۇرىيەتچى» دەپ ۋارقىرايدۇ (1773 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېداينىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ).

## پەرىشتىمۇ ياكى ئالۋاستى؟

ماراتنىڭ ئۆلۈمى فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى تارىخىدىكى چوڭ ۋەقە بولۇپ، ئۇ فىرانسىيە ئىنقىلابى تارىخىغا كىرگۈزۈلۈپلا قالماي، ھەتتا فىرانسىيە مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلىرىدە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىنى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان خام ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ بىر مەيدان سىياسىي سۇيىقەست تەسۋىرلەنگەن ئوخشاش تېمىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ژاك لۇئى داۋىد

سىزغان «ماراتنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن رەسىم ئەڭ مەشھۇر.

داۋىد فىرانسىيە يېڭى كىلاسسىزمچىلار ئېقىمىدىكى داڭلىق رەسسام بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەسىم ئارقىلىق سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. داۋىد رادىكال ياكوبىنچىلار ئېقىمىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، بۇ ئېقىمنىڭ رەھبىرى روبېسپېر بىلەن دوست ئىدى. 1792 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان مىللىي ئۇيۇشمىدا داۋىد يېڭى تاللانغانلارنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، روبېسپېر مارات بىلەن بىر مەۋقەدە چىڭ تۇرۇپ، پاشاھ لۇئى XVI نى ئۆلتۈرۈشنى قوللاپ بېلەت تاشلىغان. بۇ خىل پوزىتسىيە ئۇنى «ياۋۇز تېررورچى» دېگەن لەقەمگە ئېرىشتۈردى. مارات قەستكە ئۇچراپ ئىككى سائەتتىن كېيىن، داۋىد دەرھال نەق مەيدانغا كېلىپ، دوستى ئۈچۈن تېز سىزما سىزدى ھەم تەنتەنىلىك دەپنە مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى قەدىمكى ئاقىللار چېركاۋىغا دەپنە قىلدى (ياكوبىنچىلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن كۆچۈرۈۋېتىلگەن).

ئارقىدىنلا داۋىد يەنە «ماراتنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن ماي بوياق رەسىمنى ئىجاد قىلدى. ئۇ ئىجادىيىتىنىڭ مۇددىئاسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «پۇقرالار، خەلقلەر ئۆز دوستلىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازلىرىدىن، ‹داۋىد، موي قەلەمنى ئېلىپ... مارات ئۈچۈن قىساس ئال...› دېگەن نىدالارنى ئاڭلىدىم.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېزلىكتە سىزىپ، شۇ يىلىلا شۇ قەدەر قايىل قىلارلىق بۇ ئوبرازنى تاماملىدى.

داۋىد بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە سىياسىي سەھنىدىكى بىر قېتىملىق قۇربان بېرىشنى بىر قېتىملىق ھەقىقىي سۇيىقەست قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. داۋىدنىڭ قەلىمى ئاستىدا ماراتنىڭ ئوبرازى ئىدېئاللاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە شۇنچىلىك چىن، مارات ۋاننا ئىچىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، قاتىللىق قورالى يەرگە تاشلاپ قويۇلغان، ماراتنىڭ كۆكرىكىدىن قىپقىزىل قان ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان، يۈزلىرىدە غەزەپ ۋە ئازابلىق ئىپادە قېتىپ قالغان، سول قولىدا تېخىچە «ئەكسىلئىنقىلابچىلار»نىڭ تىزىملىكىنى تۇتۇپ تۇرغان بولۇپ، ھەتتا خەتلىرىنىمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ (ئەمما، ماراتنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزگەن ئېغىر تېرە كېسەللىكىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى بەتبەشىرە چىرايىمۇ چىرايلىق ۋە يېقىملىق كۆرۈنىدۇ). داۋىد رەسىمدە ئۆز قەلىمى ئارقىلىق كۆرگۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇ ئىنقىلابچىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى قوزغاشقا كۈچىگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار ھەتتا بۇ ئەسەرنى خىرىستوسنىڭ رەسىمدەك ئۇسلۇبقا ئىگە دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭ پۇتۇنلەي ئەكسىچە پائول بودېل ئوخشاش تېمىدا «ماراتنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىنكى كېداي» دېگەن رەسىمنى سىزىدۇ. ئۇ 1861 - يىلى ئىجاد قىلغان بۇ رەسىم ئۇنىڭ تارىخنى ئەكس ئەتكۈزگەن بىردىنبىر ئەسىرى. بۇ ھەم تارىخىي ۋەقەنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقىنى ئۆز قەلىمى ئارقىلىق ئىزھار قىلغان.

بودېل شۇبھىسىزكى ماراتقا بولغان نەپرەت ۋە كېدايغا بولغان ھۆرمەت بىلەن بۇ رەسىمنى سىزغان. ئۇ كېداينىڭ ماراتنى ئۆلتۈرۈشنىڭ بىر قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى يوشۇرمىغان. ئەمما، داۋىدقا ئوخشىمايدىغىنى، ئۇ كېداينىڭ رەسىم يۈزىدە ئەمەلىيەتتە قېچىپ كەتكۈسى يوقلۇقىنى ئىپادىلىگەن. بودېلنىڭ رەسىمىدە، ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۆز قىلمىشىغا مەسئۇل بولۇش روھىنى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان قەھرىمانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككى پارچە رەسىمدە ئاپتورلارنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغان مەيدانى ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ. بىرى «ماراتنىڭ ئۆلۈمى»، يەنە بىرى بولسا «ماراتنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش».

(«دۇنياغا نەزەر» ژۇرنىلى 2011 - يىللىق 2 - سانىدىن)

# ئايال رەسسام بېكېر

شى چياۋ

ئوغۇزجان ئەنۋەر تەرجىمىسى

پاۋلا مودېرسون بېكېر (1876 ـــ 1907) گېرمانىيەلىك ئايال رەسسام، گېرمانىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىپادىچىلىك ئۇسلۇبىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ 1907 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ درېسدېن شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1892 ـ يىلى برېمېن ۋە لوندونلاردا رەسساملىقنى ئۆگەنگەن. 1896 ـ يىلدىن 1898 ـ يىلىغىچە بېرلىن سەنئەتكارلار جەمئىيىتىنىڭ قارىمىقىدىكى سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1900 ـ يىلى كۆپ قېتىم پارىژغا بېرىپ كىلاۋرۇسى ئىنستىتۇتى ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1903 ـ يىلدىن 1905 ـ يىلىغىچە، پارىژ جۇلىئان سەنئەت ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان.

گەرچە بېكېرنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى فىرانسىيە باربىزون ئېقىمى ۋە تەسىرات ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىزچىل ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، گېرمانلاردا يىلتىزى تارتقان سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشقان؛ 1902 ـ يىلى ئىجاد قىلغان ئەسىرى «ئېرنىسبېتى» دەل شۇ غايىنىڭ مەھسۇلى ئىدى: ئۇيۇق سىزىقىدىن خېلى ئېگىز بولغان توق يېشىل چىملىق، گۈل ـ گىياھ ۋە دەرەخلەر، توخۇ دانلاۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە كۆك چېكىتلىك ئاق ساراپان كىيگەن قىز ئوبرازى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەنىدى. رەسىم ئەستايىدىل سىزىلغان، رەڭ قويۇق بېرىلگەن بولۇپ، يىغىنچاقلاش ۋە رەڭ سېلىشتۇرمىسى كۈچلۈك؛ قىزنىڭ مەسۇم، ئاددىي ـ ساددا خاراكتېرى يارقىن يورۇتۇلغانىدى.

1905 ـ يىلى ئىجاد قىلغان ماي بوياق رەسىم «قېيىنزارلىقتا كاناي چېلىۋاتقان قىز» پېرسوناژلىق مەنزىرە رەسىمى. بۇ رەسىم ھەرىكەت تەسىرىگە ۋە مۇزىكا رىتىمىغا ئىگە بولۇپ، رەسىمدە قىزچاق قېيىنزارلىقتا كاناي چالغىنىچە قەدىمىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشىدىن كانايدىن چىقىۋاتقان مۇزىكا ئاڭلىنىۋاتقاندەك تەسىر بېرەتتى، قېيىن دەرەخلىرى بولسا خۇددى قىزنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى كۈتۈۋاتقان ئەسكەرلەردەك تۇراتتى.

بېكېر گېرمانىيەنىڭ شىمالىي قىسمىدا چوڭ بولغاچقا، بۇ رايوننىڭ مەنزىرىسى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئەسەرلىرىدە ئۆزۈكسىز قىزچاق ئوبرازى يارىتىلاتتى. بېكېرغا نىسبەتەن چىراي ئىپادىسى ئادەمنىڭ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن قەلب دۇنياسىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. مەسىلەن، ئۇ 1905 ـ يىلى ئىجاد قىلغان «ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ۋورپىسۋېدې كەنتىلىك قىز» ناملىق رەسىمدىكى قىزنىڭ كۆزلىرى ئېسەنگىرىگەن، كالپۇكلىرى ھەم يۇمۇلغان، ئىككى قولى بىلەن تىزىنى قۇچاقلىۋالغان، چىرايىدىن ساددا، پاكلىقى، تۇرقىدىن خۇددى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئوبراز كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان بىر خىل ئىنتىلىش ۋە ئىلتىجادىن بېشارەت بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئوبراز يالغۇز بىر قىزنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسى بولۇپ قالماستىن، يەنە ئاشۇ بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ مۇشكۇلاتى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبىتىدىن ئىبارەت.

1906 ـ يىلدىن 1907 ـ يىلىغىچە ئىجاد قىلغان «قىزچاق ۋە ئالتۇنبېلىق ئىدىشى» ناملىق رەسىمدە، پېرسوناژ ئوبرازى سىرلىق، رەڭ تۇتۇق، پەقەت قىزچاقنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ، بۇ ئەسەرنى مەنىگە ۋە بېزەكلىككە ئىگە قىلغان.


1906 ـ يىلى ئىجاد قىلغان «قولۇمدا ئىككى تال گۈل» ئۆزىنى ئۆزى سىزىپ چىققان رەسىم گېرمانىيەنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ ئاددىي ـ ساددا يەرلىك ئۇسلۇبىغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ رەسساملىق سەنئىتى گېرمانىيە لىرىكىلىق رېئالىزم تۈپرىقىدىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. رەسىمدە ئايال رەسسام بېكېر كۆپچىلىككە قىيا باققان، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويغان، سول قولىدا ئىككى تال گۈل تۇتقان ھالدا نامايان بولۇپ، ياشلىق باھارىدىكى ھاياتىي كۈچى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن)

# بىخۇد چەۋەنداز

بىدستروۋپ (دانىيە)









▲ قىزچاق ۋە ئالتۇنبېلىق قاچىسى

▲ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ۋورپسۋېدلىق قىزچاق

▲ قېيىنزارلىقتا سۇناي چېلىۋاتقان قىز


编辑出版：新疆人民出版社
印刷：新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司
订阅：全国各地邮局
国内发行：乌木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司


国际标准刊号：ISSN 1005 - 1791
国内统一连续出版物号：CN65 - 1075/I
本刊代号：58 - 52 定价：8.00元
国外代号：BM 1120

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ مورتوم(MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 0991-2827971
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-1791
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە ئەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65-1075/I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58-52 باھاسى: 8.00 يۈەن
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: BM 1120

دۇنيا ئەدەبىياتى (قوش ئايلىق ژۇرنال)
世界文学选译 (双月 维吾尔文)
WORLD LITERATURE
(BI-MONTHY,UYGUR LANGUAGE)

中国移动通信
CHINA MOBILE
移 动 信 息 专 家




# ئۇنىڭ يان تېلېفون نومۇرى قەيەرگە تەۋە؟

## يان تېلېفون نومۇر تەۋەلىك جايىنى سۈرۈشتۈرۈش

بىرەر دوستىڭىزنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭ يان تېلېفون نومۇرىنىڭ قەيەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى بىلگىڭىز كېلىدۇ. ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن ئېنىق بىلەلەيسىز.

**ئاۋازلىق سۈرۈشتۈرۈش:** 1008611 غا تېلېفون ئۇرۇپ 2 كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىزلا بىلەلەيسىز.

**ئۇيغۇرچە تور تىجارەتخانىسى:** تور ئادرېسى www.xj.10086.cn/uyghur/app/ غا چىقىپ، تىزىملاتقاندىن كېيىن سۈرۈشتۈرۈش ئاستىدىكى نومۇر تەۋەلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش كەسپىنى چەكسىڭىز، ئۇنىڭ نومۇرىنىڭ تەۋەلىك جايىنى سۈرۈشتۈرەلەيسىز.

**ئۇيغۇرچە ئالقان تىجارەتخانىسى:** يان تېلېفوندا تور ئادرېسى wap.xj.10086.cn/uywap/ غا چىقىپ، باشقا ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئىچىدىكى نومۇر تەۋەلىك جايىنى چەكسىڭىزمۇ ئوخشاشلا بىلەلەيسىز.

www.10086.CN
10086